نەسرۇللا يولبولدى

# تىلشۇناسلىق ھەققىدە
# ئاساسىي بىلىملەر

مىللەتلەر نەشرىياتى

نەسرۇللا يولبولدى

# تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر

مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


**كىرىش سوز......3**

**بىرىنچى باپ تىلنىڭ پەيدا بولۇشى......1**

1-بولۇم تىلنى ئەمگەك ياراتقان......1

2-بولۇم باشلانغۇچ تىل توغرىسىدا......10

**ئىككىنچى باپ تىلنىڭ ماھىيىتى......16**

1-بولۇم تىل ۋە نۇتۇق، تىلنىڭ ئاساسى......16

2-بولۇم تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە......24

3-بولۇم تىل ئومۇمى خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى......34

4-بولۇم تىل تەپەككۇر قىلىشنىڭ قورالى......41

**ئۈچىنچى باپ فونېتىكا......46**

1-بولۇم تىل تاۋۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى......46

2-بولۇم تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە تەھلىل......52

3-بولۇم فونېما ۋە فونېما سىستېمىسى......57

4-بولۇم تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى......62

5-بولۇم بوغۇم ۋە ئۇرغۇ......67

**تۆتىنچى باپ لېكسىكولوگىيە......71**

1-بولۇم لۇغەت تەركىۋى......71

2-بولۇم سېماسولوگىيە......77

3-بولۇم ئېتىمولوگىيە......88

4-بولۇم لۇغەتشۇناسلىق ..................... 90
بەشىنچى باپ گىراماماتىكا ..................... 93
1-بولۇم گىراماماتىكا ۋە ئۇنىڭ رولى..................... 93
2-بولۇم گىراماماتىكىلىق مەنە، گىراماماتىكىلىق شەكىل..... 97
3-بولۇم گىراماماتىكىنىڭ ئىككى قىسمى ھەققىدە ئومۇمى
چۈشەنچە..................... 107
ئالتىنچى باپ تىلنىڭ تەرەققىياتى..................... 114
1-بولۇم تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى..................... 114
2-بولۇم تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەريانى..................... 118
3-بولۇم دىيالېكت ۋە ئورتاق تىل..................... 122
4-بولۇم تىللارنىڭ بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى..................... 129
5-بولۇم تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى..................... 135
يەتتىنچى باپ يېزىق..................... 143
1-بولۇم يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى..................... 143
2-بولۇم يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققى قىلىشى..... 146

# كىرىش سۆز

تىلشۇناسلىق تىل ھادىسىلىرىنى ۋە تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەن، يەنى تىلشۇناسلىق تىل ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىم.

كىشىلەر تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ، لېكىن ھەممە كىشىنىڭ تىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە تىل قانۇنىيەتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ناتايىن. تىلنى ئىلمىي ئاساستا بىلىش ئۈچۈن، نۇتۇقتىكى كونكرېت ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ ۋە يىغىنچاقلاپ، قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. تىلشۇناسلىق ئەنە شۇنداق قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەر ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىمدۇر.

ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى تەتقىق قىلىشى، ھازىرىنى تەتقىق قىلىشى، مەلۇم ۋاقىتتىكى كونكرېت بىرقانچە مەسىلىنى تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەتقىق قىلىشى مۇمكىن.

تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنى ئايرىم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تىلشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، فونېتىكىشۇناسلىق، لېكسىكولوگىيە، سېماسولوگىيە، ئېتىمولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق، گىراماتىكىشۇناسلىق (مورفولوگىيە-

شۇناسلىق، سىنتاكسىسشۇناسلىق)، ئىستىلىستىكا، يېزىقشۇناسلىق، دىيالېكتشۇناسلىق......دېگەنگە ئوخشاش.

تىلشۇناسلىقنىڭ بۇ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئوبيېكتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، گىراماتىكىشۇناسلىق فونېتىكىشۇناسلىق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا گىراماتىكا ئۈستىدە توختالغاندا، ئەلۋەتتە، فونېتىكىلىق بىلىملەر ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەر تىلنىڭ مەلۇم دەۋردىكى قانۇنىيەتلىرىنى (ھەر جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى) تەپسىلى تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركى تىللارنىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيەتلىرىنى ياكى بولمىسا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلى تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش. بۇ تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر يەنە تىلنىڭ بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش. بۇ تارىخىي تىلشۇناسلىق دېيىلىدۇ. تىلنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتا تىلنىڭ ئوخشاش بولغان ۋە ئوخشاش بولمىغان ھالىتى ئاساس قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك تىلنى تەپسىلى تەتقىق قىلىشىمۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق بىلەن تارىخىي تىلشۇناسلىق بىر بىرى بىلەن ھەم پەرقلىق ھەم يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۈرلۈك تىلنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىنى (خۇسۇسىيەتلىرىنى) ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي

تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلىق تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دېيىلىدۇ. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچى. چۈنكى ئۇ 11-ئەسىردىلا تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغان.

ئايرىم-ئايرىم تىللار (خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش)نى تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلىق خەنزۇ تىلى تىلشۇناسلىقى، رۇس تىلى تىلشۇناسلىقى، ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى، قازاق تىلى تىلشۇناسلىقى كونكرېت تىلشۇناسلىق دېيىلىدۇ.

بارلىق تىللارغا ئورتاق قانۇنىيەتلەرنى (ھادىسىلەرنى) ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلىق ئومۇمىي تىلشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمىي تىلشۇناسلىق تىلنىڭ ماھىيىتى، تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، تىلنىڭ تەرەققىياتى، تىلنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرى (فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا)، ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى، يېزىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، دۇنيادىكى تىللارنىڭ سىستېمىغا ۋە ئائىلىلەرگە بولۇنۇشى......قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇنىڭدەك تىلنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى ۋە تىلشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي پەن سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنىمۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. «تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» يۇقۇرقى جەھەتلەردە ئاساسىي بىلىم بېرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي تىلشۇناسلىققا ئائىت ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمى تىلشۇناسلىق 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققى قىلغان. چۈنكى تىلنى ئىلمىي رەۋىشتە تەتقىق قىلىش تارىخىي سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشتىن باشلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تىلنى تەتقىق قىلىش ئىشى باشلانغان.

ماركسىزملىق پەلسەپە بارلىق پەنلەرنىڭ بىردىن ـ بىر توغرا يېتەكچى ئىدىيىسى. بىز ماركسىزملىق پەلسەپىنى تىرىشىپ ئۆگىنە-شىمىز كېرەك. تىل تەتقىقاتىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىككى خىل كۆزقاراش ۋە ئىككى خىل مېتودىكا ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يەنى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە دىيالېكتىكا بىلەن مېتافىزىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىدە ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى "ئادەم ياراتتى" دەيدىغان قاراش بىلەن "دىن ياراتتى" دەيدىغان قاراشتىن ئىبارەت بىر بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ماركسىزمچىلار "تىلنى ئەمگەك ياراتتى" دەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا قارشى "تىل ئىما ـ ئىشارەت ياكى تەقلىدىي ئاۋاز ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن" دەيدىغان نەزەرىيە بارلىققا كەلدى. 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپادا ئېقىپ يۈرگەن "ئومۇمى گىراماتىكا" نەزە-رىيىسمۇ مېتافىزىكىلىق نەزەرىيىدۇر. چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن، دۇنيادىكى تىللارنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىلنىڭ داۋاملىق تەرەققى قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تارىخىي كۆزقاراش يېتەكچىلىك-

دىكى تارىخىي سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەدرىجى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن، تىل تەتقىقاتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەن. لېكىن ماركسىزىم مەيدانىغا كېلىشتىن ئىلگە-رى، كىشىلەرنىڭ تىل ھەققىدىكى تونۇشى ئومۇمەن ئانچە ئەتراپ-لىق ۋە ئىلمىي بولمىغان. مەسىلەن، تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى ئېنىقلانمىغان، بۇ مەسىلىدە «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» دىگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن پىرىنسىپلىق ھەل قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ماركسىزىم كىلاسسىكلىرى ماركسىزىمنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى تەھلىل قىلغاندا تىل مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ توختالىغان، شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە مەخسۇس تېمىدا ئەسەرلەرمۇ يازغان. 1950-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى ستالىن «ھەقىقەت» گېزىتىدە ئۆزىنىڭ «ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى توغرىسىدا» دىگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، تىلشۇناسلىققا ئىنتايىن زور تۆھپە قوشتى.

تىل نەزىرىيىسى ئەمىلىيەتتىن كەلگەن، ئۇ يەنە ئەمىلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. تىلشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ناھايىتى زور. تىلشۇناسلىق، ئالدى بىلەن، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىز ئۆز تىلىمىزنى ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىمىز. ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. تىلشۇناسلىق بۇ ئالاھىدىلىكنى نەزىرىيە جەھەتتىن بىلىشىمىزگە، ئىگەللىشىمىزگىلا يېتەكچىلىك قىلىپ قالماي، بەلكى ئۆگىنىشتىكى كونكىرىت قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىمىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

تىلشۇناسلىق بىزنىڭ تىلغا دائىر بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر

تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراممانىكا جەھەتلىرىدە قانداق مەسە-
لىلەر ھەل قىلىندى ۋە قانداق مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئۇنى قانداق
ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا نىمە ئۈچۈن
ئۇرۇمچى تەلەپپۇزى ئاساس قىلىنىشى كېرەك؟ ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى يېزىقنى قوللىنىش توغرا بولدىمۇ، يوق؟
نىمە ئۈچۈن يېڭى يېزىق 20 نەچچە يىلغىچە ئومۇملىشالمىدى؟
دىگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ۋە ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش،
لۇغەت تۈزۈش، تىل ئوقۇتۇشىنىڭ يونۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىشتا تىلشۇناسلىقنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا بولمايدۇ،
ئەلۋەتتە.

تىلشۇناسلىق ئەدەبىيات ئۆگىنىشىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول
ئوينايدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر تىل ئارقىلىق يېزىلىدۇ. شۇڭا
گوركى: "ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئاملى تىل" دەيدۇ. تىل ھەققىدە
توغرا تونۇش بولغاندىلا، تىلدىن ئوبدان پايدىلانغىلى بولىدۇ.
كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدۇ.
دۇنيادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلار تىلدىن پايدى-
لىنىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدۇر. تىلنى ئوبدان ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن
ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئوبدان ئىگەللىگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي
ئەسەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشتىكى
مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىياتتىكى بەزى
كونكرېت مەسىلىلەرنى ئالايلۇق، كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى
راست-يالغان مەسىلىسى، بەزى كىلاسسىك ئىبارىلەرنى ئىزاھلاش
مەسىلىسى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دىيالېكتىكىلاردىن پايدىلىنىش
مەسىلىسى، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى

تەتقىق قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تىلشۇناسلىقنىڭ ياردىمى ناھايىتى زور.

تىلشۇناسلىق باشقا بىرمۇنچە پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. تىل ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەلۋەتتە، شۇ تىلنى ياراتقان ۋە ئىشلەتكەن خەلقنىڭ تارىخى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تىل تارىخىنى تەتقىق قىلىشمۇ بىزنىڭ جەمئىيەت تارىخى بىلەن تونۇشۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا تىلشۇناسلىق تارىخشۇناسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تىل بىلەن تەپەككۇر تەقدىرداش بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلنىڭ ماددىي ماتېرىيالى ئاۋۇش ئەزالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئاۋۇش بولغانلىقى ئۈچۈن تىلشۇناسلىق تەپەككۇرنى تەتقىق قىلىدىغان لوگىكا ۋە ئاۋازنى تەتقىق قىلىدىغان ئاۋازشۇناسلىق، كىشىلەرنىڭ پىسخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پىسخولوگىيە، كىشىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاناتومىيە ۋە فىزولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېقىندىن بۇيان تىل تەتقىقاتىدا تېخنىكا ئەسۋاپلىرى ۋە ماتېماتىكىدىكى ئىستاتىستىكا ئۇسۇلى كۆپلەپ قوللىنىلماقتا. كىشىلەر تىلنىڭ ماشىنا تەرجىمىسى ۋە باشقا جەھەتتىكى تەتقىقاتىدا ئومۇمىي يۈزلۈك دىگۈدەك ماتېماتىكا، فىزىكا، لوگىكا، ئاتوم ئىلمى قاتارلىق بىلىملەردىن پايدىلانماقتا. شۇڭا، تىلشۇناسلىق يەنە باشقا بىرمۇنچە پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقتا. بۇ ھال بىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزنى ۋە ئەستايىدىل كۆزىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز تىل ـ ئەدەبىيات خادىملىرى ماركسىزملىق ئەسەرلەرنى ئوبدان

ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق پەلسەپىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگەل-
لەپ، تۇرلۇك مۇرەككەپ تىل ھادىسىلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز
ھەمدە تىل ھادىسىلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبا-
رەت ماركسىزملىق كۆزقاراش بويىچە كۆزىتىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز
ۋە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

# بىرىنچى باپ

# تىلنىڭ پەيدا بولۇشى

## 1- بولۇم تىلنى ئەمگەك ياراتقان

تىلنىڭ پەيدا بولۇشى مەسىلىسىدە، ئالدى بىلەن، كونكرىت تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئومۇمى ئىنسانلار تىلنىڭ پەيدا بولۇشى مەسىلىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. كونكرىت تىلنىڭ پەيدا بولۇشى دېگىنىمىزدە مەلۇم بىر تىلنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ياكى قازاق تىلنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش). بۇ شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار تىلنىڭ پەيدا بولۇشى دېگىنىمىزدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ سۆزلەشنى قانداق بىلگەنلىكى، يەنى ئىنسانلارنىڭ تىلغا قانداق ئىگە بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. تىلشۇناسلىق كونكرىت تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمى تىلنىڭ (ئىنسانلار تىلنىڭ) كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىلنىڭ پەيدا بولۇشى مەسىلىسى تىلشۇناسلىقتىكى ئاساسلىق

نەزىرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئىنسانلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە. لېكىن بۇ مەسىلە ماركسىزىم بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا ھەل قىلىنمىغان، ھەل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىلىرىدىن بولغان ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» دىگەن شانلىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن توغرا ۋە ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلىپ، تىلشۇناسلىققا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

كىشىلەر تىل ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ. ھازىر كىچىك باللار ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم تىل بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان بولدى. لېكىن قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تىلنى يارىتىشى ئاسانغا چۈشمىگەن. ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەن ۋاقىتلار-دىلا تىل بولغان. تىل بولغانلىغى ئۈچۈنلا ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئادەم بولالىغان. دىمەك، تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

قەدىمقى زامانلاردا دەرەخ ئۈستىدە ياشايدىغان بوۋىلىرىمىز (ئالاھىدە يۇكسەك تەرەققى قىلغان ئادەمسىمان مايمۇنلار) تەبىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە دەرەخ ئۈستىدە يىگۈدەك نەرسە تاپالماي، يەرگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار يىمەك-ئىچمەك تېپىش، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇملىشىپ ياشىغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار بەزى ئاۋازلارنى چىقارسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ بەزى ھەركەتلەرنى قىلىشتىكى بەلگىسى ياكى مەلۇم ھىسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئاۋازلىرىدىنلا ئىبارەت بولغان. ئۇلار دەرەخ ئۈستىدىكى ۋاقىتلاردا ئالدىنقى پۇتلىرى بىلەن

تۇتالايدىكەن، ئىسلالايدىكەن، دەرەختىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەركەتلىرى تېخىمۇ كۆچەيگەن. شۇنىڭدەك ئالدىنقى پۇتلىرى بىلەن تەدرىجى ھالدا تاش، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا زەربە بېرەلەيدىغان، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاپالايدىغان بولغان. تەدرىجى ھالدا ئالدىنقى ئىككى پۇتنى كۆتىرىپ، ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن تۇرالايدىغان، بېشىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا بۇراپ، تۆت ئەتراپنى كۆزىتەلەيدىغان بولغان. نەتىجىدە، بارا-بارا ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭالايدىغان بولۇپ ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئالدىنقى ئىككى پۇتى تەدرىجى ھالدا قولغا ئايلانغان ھەمدە ناھايىتى ئاددىي ئەمگەكلەرنى قىلىشنىمۇ ئۆگەنگەن.

بۇ ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى ئەۋلاتلىرى تېخى قوراللارنى ياسىيالمىسىمۇ ۋە ياسالغان قوراللار ئاساسىدىكى ھەقىقىي ئەمگەكلەرنى قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپكى تاش ۋە ياغاچ قوراللاردىن پايدىلانغان. بۇنداق ئاددىي ئەمگەك داۋاملاشقانسېرى، قول بىلەن پۇتنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بەلگىلىنىپ، قورال ياساش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلار تەدرىجى ئادەمگە ئۆزگىرىشكە باشلىغان ۋە تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيىتى يارىتىلىشقا باشلىغان.

(1) ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بولۇش زۆرۈرىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئاتا-بوۋىلىرى (يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئادەمسىمان مايمۇنلار) باشقا مەخلۇقلارغا قارىغاندا ھوشيارراق ئىكەن. لېكىن جىسمانى كۈچ جەھەتتە باشقا بەزى يىرتقۇچ مەخلۇقلارغا

يېتەلمەيدىكەن. ئۇلار ئۇيۇشۇپ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى تۇرىدىكەن، بەزى تەبىي ئاپەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىكەن ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تاپىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىنلا ئىجتىمائى مەخلۇق بولۇپ، ئۇيۇشۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن ھەمدە ئاكتىپ ھەركەت قىلىدىكەن. بۇنداق ھەركەت ئەمەلىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ھەركەت ۋە ئەمگەك ئىدى. لېكىن ئۇ پەقەت ھەقىقى ئەمگەككە ئايلىنىش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەمگەك ئىدى، خالاس. بىزنىڭ قەدىمقى بوۋىلىرىمىز (بارلىققا كېلىۋاتقان ئىنسانلار) مۇشۇنداق ئۇيۇشۇپ ئەمگەك قىلىش جەرياندا شەيئىلەرگە بولغان كوزقاراشلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنىڭ زورۇرلۇگىنى، ئەمگەك ئۇسۇلى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنىڭ زورۇرلۇگىنى، تۈرلۈك ھەركەتلەرنى ئۆزئارا ماسلىشىپ بىرلىكتە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قازىنىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى قامداشنىڭ زورۇرلۇگىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، بىر ئادەمسىمان مايمۇن بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋانغا يولۇقۇپ قالغاندا، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا يەم بولۇپ كەتكەنلىكىدەك خەۋپلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ھەمرالىرىنى چاقىرىپ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قانداق ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش لازىملىغىنى، بىر ئادەمسىمان مايمۇن چوڭ بىر ياغاچنى كوتىرەلمىگەندە، بىرنەچچىسى بىللە كوتىرىپ، ھەركەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىغىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. شۇڭا ئۇلارغا سۆزلەش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش

زورۇرىيىتى تۇغۇلغان. نەتىجىدە ئومۇملۇق ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بو-
لۇش زورۇرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ھەقتە ئېنگېلس: "قولنىڭ
بارغانسېرى تاكامۇللىشىشى ۋە ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە كىشىلەر
تەبىئەت ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىشقا باشلايدۇ،... ئۇزلىرىگە
تونۇش بولمىغان تۈرلۈك خاراكتېردىكى يېڭى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى
ئۇچرىتىشقا باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەكنىڭ تەرەققى
قىلىشى جەمىيەت ئەزالىرىنى مۇقەررەر ھالدا يەنىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇ-
رىدۇ، چۈنكى ئۇزئارا ھەمكارلىشىش، بىرلىكتە ھەركەت قىلىشتەك
پائالىيەتلەر پات-پات ئۇچرايدىغان ھادىسىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.
مۇشۇنداق ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەش ھەر بىر كىشى ئۈچۈن
پايدىلىق ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايان بولىدۇ. قىسقىسى، ئادەم
بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلار بىر بىرىگە بىر نىمە دىمىسە بولمايدىغان
دەرىجىگە يېتىدۇ" دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ماركسمۇ: "تىل
كىشىلەردە ئۇزئارا ئالاقىلىشىشقا بولغان جىددىي تەلەپ، جىددىي
زورۇرىيەت تۇغۇلغاندىن كېيىنلا پەيدا بولغان" دەيدۇ. دىمەك،
ئەمگەك جەريانىدا تىلنىڭ پەيدا بولۇش زورۇرىيىتى كېلىپ چىققان.

(2) ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن.

ئەمگەك ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئىنسانلارغا تىل ئارقىلىق ئالاقە-
لىشىشنىڭ، پىكىر قىلىشنىڭ زورۇرىيىتىنى يارىتىپ بېرىش بىلەنلا
قالماستىن، بەلكى تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنىمۇ يارىتىپ
بەرگەن.

تىل تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. شۇڭا
تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك

تاۋۇش ماتېرىياللىرى ۋە مەنە ئاملى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمگەك باشلانغۇچ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ يېتەرلىك تاۋۇش ماتېرىياللىرى ۋە مەنە ئاملىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن ھەل قىلغۇچ ئاملدۇر.

ئەمگەك، ئالدى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىپتىدائى كىشىلەرگە يېتەرلىك تاۋۇش ماتېرىياللىرى تەييارلاپ بەرگەن. ئەمگەك ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ پۈتى بىلەن قولىنىڭ ئىش تەقسىماتىنى بارغانسېرى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنى ئۆرە تۇرۇپ ماڭالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئادەمسىمان مايمۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆپكە ۋە تاۋۇش پەردىلىرىنى خېلى ئەركىن ھەركەتلەندۈرەلەيدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقى بىلەن كاناي يولى بىر توغرا بولۇق ھاسىل قىلىپ، ھاۋا ئېقىمىنى ئۆپكىدىن تەدرىجى چىقىرالايدىغان بولغان ھەم ھەر خىل توسالغۇلارنى ھاسىل قىلىپ، تۈرلۈك تاۋۇشلارنى چىقىرالايدىغان بولغان. قىسقىسى: "ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى ئارقىسىدا، مايمۇننىڭ تەرەققى قىلمىغان بوغۇزى ئاستا-ئاستا، لېكىن مۇقىم ھالدا ئۆزگىرىپ باردى، ئېغىز ئەزالىرىمۇ ئېنىق تاۋۇشلارنى چىقىرىشنى ئاستا-ئاستا ئۆگىنىۋالدى" (ئېنگېلس: «تەبىەت دىيالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 293-بەت).

تىل بىرقانچە ئاددى تاۋۇشتىن ھاسىل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئىنسانلار تىلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تاۋۇشلارنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ئىمكانىيەت ئەمگەك ئارقىلىقلا يارىتىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەك تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلـ
گىرى سۈرگەن، نەتىجىدە تىل ئېھتىياجلىق بولغان مەنىـۋى ئامـىل
شەكىللىنىشكە باشلىغان. چۈنكى تىلنىڭ مەنىۋى ئامـىلى تەپـەككۇر
ئارقىلىق كېلىدۇ، تەپەككۇر بولـمىسا، مەنـىۋى ئامـىلمۇ بولـمايدۇ.
ئادەمسىمان مايمۇنلار، ئۇرە تۇرۇپ ماڭالايدىغان بولغاندىن كېيىن،
يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سول تەرەپـلىرىـگە قاراپ شەيئـىلەرنى ۋە
ھادىسىلەرنى كۆزىتەلەيدىغان بولغان، نەزەر دائىرىسى كېڭەيـگەن.
ئەمگەك بىلەن قولىنىڭ تەرەققى قىلىشى نەتىجىسىدە، قەدىمقى بوۋـ
لىرىمىز تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىشقا
باشلىغان. ئەنە شۇنداق بوي سۇندۇرۇش ۋە ھوكۇمرانلىقنىڭ ھەر
قەدىمىدىكى تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى (دۇنيانى
بىلىشىنى) بارغانسېرى كېڭەيتىـۋەرگەن، ئۇلارنىڭ تەبىئەتـتىكى ۋە
ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ ۋە ھادىسـىلەرنىڭ تېخى مەلۇم بولـمىغان
خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەمـ
سىمان مايمۇنلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور قەدەملەر
بىلەن ئالغا سۈرۈلگەن. ماركس ئېيتقاندەك: "ئەمدى شەكىللىنىۋاتـ
قان كىشىلەر دەسلەپكى ھەركىتى ئارقىلىق تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنى
تېپىپ، ئۇزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى (شۇڭا ئۇلار ئىشلەپچىقىـ
رىشقا كىرىشكەن). مۇشۇنـداق جەريانـىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن بۇ
نەرسىلەرنىڭ ئېھتىياجنى قامداش ئىمكانىـيىتىگە ئىگە ئىكەنـلىكى
كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ساقـلىنىپ قالغان. كىشـىلەر...... ئۇلارنىڭ
ئېھتىياجىنى قانـدۇرىدىغان تەبىئەتـتىكى بۇ نەرسـىلەر بىلەن باشقا
نەرسىلەرنى نەزىرىيە جەھەتـتىن پەرقلەندۈرۈشـكە باشلىـغان. بىر
قەدەم تەرەققى قىلغان مەلۇم سەۋىيە ئاساسىدا ئەينى ۋاقىتـتا كىشىـ

لەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن ھەركەتلىرىنى كۆچەيتكەندىن ۋە تەرەققى قىلدۇرغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىر خىل، بىر تىپتىكى شەيئىلەرگە ئىسىم قويغان، ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بۇ نەرسىلەرنى باشقا نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرگەن." يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمسىمان مايمۇنلار ئەمگەك ئارقىلىق تۈرلۈك يېمەكلىك-لەرنى (ئۆسۈملۈكلەردىن ھايۋانلارغىچە، خام يېمەكلىكتىن پىشىق يېمەكلىككىچە) تاپقانلىقى ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەر قەدىمقى ئەۋلاتلىرى-مىزنىڭ مېڭىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ماددى ئاساس بولۇپ قالغان. يىغىپ ئېيتقاندا، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، قولنىڭ ئەتراپتىكى ھەر خىل نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، تۈرلۈك ماتىرى-ياللارنى تېپىشى بىلەن قەدىمقى بوۋىلىرىمىزنىڭ مېڭە سىستېمىسى تەرەققى قىلغان ۋە تەپەككۇرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن تىلنىڭ مەنىۋى ئاملىغا ئاساس يارىتىلغان. نەتىجىدە تىلنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلغان.

دېمەك، ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ۋە ئىم-كانىيىتىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن "تىلنى ئەمگەك ياراتقان" دەيمىز.

(3) "تىلنى ئەمگەك ياراتقان" دېيىش بىردىن-بىر توغرا چۈشەندۈرۈش.

ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. ئەمگەك بولمىسا، تىل پەيدا بولمىغان بولاتتى. ئىنسانلار تىلى ئەمگەك جەريانىدا نەچچە ئون مىڭ يىللىنى باشتىن كەچۈرۈپ تەدرىجى بارلىققا كەلگەن. ئېنگېلس: "تىل ئەمگەك داۋامىدا ئەمگەك بىلەن بىللىلا كېلىپ چىققان. بۇ بىردىن-بىر توغرا چۈشەندۈرۈش بولۇپ، ھايۋان بىلەن سېلىشتۇرۇلسىلا، بۇنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ" (ئېنگېلس:

«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 293-بەت) دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن-بىر توغرا شەرھىلەش، بۇ تىل ھازىرلىغان ئالاقىلىشىش، پىكىرلىشىشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي خۇسۇسىيەتنى چۈشەنگەنلىكتىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئېنگېلس دەۋردىكى ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلانغانلىقىدىندۇر. چۈنكى داروۋىنچىلارنىڭ ھايۋانات تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەلىماتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشى (تەرەققى قىلىشى) نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ماتېرىياللار ۋە كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن كىشىلەر، ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى ئەمگەكنىڭ رولىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. 20-ئەسىردىكى ئېتنولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىقنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بۇ شەرھىنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ھالىتىنى تەتقىق قىلىش تىلنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەمگەكنىڭ رولىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەرگەن. لېكىن تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ توغرىلىق تۈرلۈك-تۈرلۈك خىيالىي رىۋايەتلەرنى ياراتقان. بۇ رىۋايەتلەردە تىلنى خۇدا يارىتىپ كىشىلەرگە تەقدىم قىلغان. تىلنى ئاجايىپ دانىشمەن بىر كىشى ياراتقان، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئانتىك زامانلىرىدىن (قەدىمقى يۇنان ھەم رىم زامانلىرىدىن) بېرى تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىرمۇنچە نەزەرىيەلەر يارىتىلغان. مەسىلەن، ئانتىك پەيلاسوپلىرى تىلنىڭ

كېلىپ چىقىشىنى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل نەزىرىيە بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بەزى پەيلاسوپلار: تىل تەبىي يول بىلەن يارىتىلغان، يەنى سوز بىلەن نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبىي باغلىنىش بار. كىشىلەرنىڭ ناملىرىنى تەبىي هالدا بىلىشۋالغان دەپ ئىسپاتلىماقچى بولغان. يەنە بەزى پەيلاسوپلار بولسا: تىل كىشىلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن كېلىشۈېلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن دەپ قارىغان.

دىمەك، ماركسىزىم مەيدانىغا كەلگىچە تىلنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە هەر خىل كوزقاراشلار بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تا 50-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە يا ئۇنداق، يا بۇنداق ناتوغرا قاراشلار چىقىپ تۇرغان. هازىرمۇ بۇ مەسىلىدە يا ئۇنداق، يا بۇنداق قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ماركسىزىمنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، "تىلنى ئەمگەك ياراتقان" دىگەن ماتېرىيالىستىك كوزقاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

## 2-بولۇم باشلانغۇچ تىل توغرىسىدا

يۇقۇرىدا تىلنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىغى هەققىدە توختالدۇق. ئەمدى ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى تىلى زادى قانداق تىل ئىدى؟ دىگەن مەسىلىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. باشلانغۇچ تىلنىڭ قىياپىتىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ بېرىشكە بولىسىمۇ، لېكىن بۇ هەقتىكى بىرمۇنچە پىرىنسىپاللىق چۈشەنچىلەرنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

باشلانغۇچ تىل دەسلەپتىلا تاۋۇشلۇق تىل ئىدى، ئىنسانلار ئۇز-

ئارا ئالاقىلىشىدىغان، پىكىرلىشىدىغان تاۋۇشلۇق تىل ئىدى، تاۋۇش ماتېرىياللىرىنى ماددى پوست قىلغان، مەنىۋى ئامىلنى مەزمۇن قىلغان هازىرقى تىللارغا ئوخشاش تەركىۋىي قىسىملىرى بار تاۋۇشلۇق تىل ئىدى. چۈنكى تىل يۇقۇرقىدەك جەھەتلەر هازىرلانغاندىلا تىل بولالايدۇ، بولمىسا تىل بولالمايدۇ، ھەتتا باشلانغۇچ تىلمۇ بولالمايدۇ. لېكىن باشلانغۇچ تىل ھەققىدە تۈرلۈك نەزەرىيە ۋە كوزقاراشلار بولۇپ ئۆتكەن.

تىلنى "ئايرىم شەخسنىڭ ئۆز پىكرىنى ئاۋال ئۆزى ئۈچۈن، شۇ سەۋەپتىن كېيىن باشقىلار ئۈچۈن بىلدۈرۈش ئېھتىياجى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان" دەپ قارايدىغان ئىندىۋىدىيالىستىك نەزەرىيىچىلەر باشلانغۇچ تىل ھەققىدە "تەقلىدىي ئاۋاز تىلى" نەزەرىيىسى بىلەن "ئىملىق تىل" نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

"تەقلىدىي ئاۋاز تىلى" نەزەرىيىسى باشلانغۇچ تىل تەقلىدىي ئاۋاز تىل ئىدى، كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ چىقارغان ئاۋازلىرىنى دوراش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىتىش ئارقىسىدا باشلانغۇچ سوزلەرنى پەيدا قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ نەزەرىيىنىڭ هامىلىرى تىلدىكى بارلىق سوزلەر كىشىلەرنىڭ نەرسىلەر چىقارغان ئاۋازنى دوراپ، شۇ نەرسىلەرگە نام بېرىشى ئارقىسىدا يارىتىلغان دەپ دەۋا قىلىدۇ. سوزلەرنىڭ يارىتىلىشى، ھەقىقەتەن، مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ هامىلىرى ئېيتقاندەك بولسا، دۇنيادىكى نەچچە مىڭ تىلدىكى سوزلەر بىر خىللا ئېيتىلغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىئەتتىكى كوپلىگەن نەرسىلەر (مەسىلەن، تاغ، يەر، كۆل، ئاي، تاش، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر) هېچقاچان ئۆزىچە تەبىي هالدا ئاۋاز چىقارمايدۇ، ئۇنداق بولسا، باشلانغۇچ دەۋردىكى بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق ئاۋاز

چىقارمايدىغان نەرسىلەرگە قانداق قىلىپ نام بەرگەندۇ؟!......

توغرا، بەزى سۆزلەر كىشلەرنىڭ نەرسە ئاۋازىنى دورىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، شىر-شىر، جاراڭ-جۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق، كاككۇك، ھوپۇپ دىگەنگە ئوخشاش). لېكىن بۇنداق سۆزلەر ناھايىتى چەكلىك بولغانلىغى ھەم تىلدا مۇھىم رول ئوينىيالمايدىغانلىغى ئۈچۈن، باشلانغۇچ تىلنى تەقلىدىي ئاۋاز تىلى ئىدى دىيىشكە ئاساس تېپىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىملىق تىل نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى باشلانغۇچ تىل ئىملىق تىل ئىدى، تىلدىكى بارلىق سۆزلەر كىشلەرنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى، قەھرى-غەزەپلىرى، تۇغما ھىسلىرى ۋە ئىختىيارسىز ۋاقىراشلىرى نەتىجىسىدە يارىتىلغان دەپ قارايدۇ. توغرا، ھەرقايسى تىللاردا ئىملىق سۆزلەر ھەم ئىملىق سۆزلەر ئاساسىدا ياسالغان سۆزلەر بار (مەسىلەن: ئاھ، پاھ، ئۇھ، ئىخ، ئاھ ئۇرۇش، ۋايساش، ئىڭراش... قاتارلىق). لېكىن بۇنداق سۆزلەر قايسى تىلدا بولسۇن، ناھايىتى چەكلىك، ھەتتا تەقلىدىي ئاۋاز ئارقىلىق يارىتىلغان سۆزلەردىنمۇ ئاز. ئەگەر تىلدىكى بارلىق سۆزلەر مۇشۇ نەزىرىيىنىڭ تەرەپدارلىرى ئېيتقاندەك بارلىققا كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئىچكى ھىس-تۇيغۇغا ئىگە بولمىغان نەرسىلەرگە قانداق نام بېرىش مۇمكىن؟!... دىمەك، باشلانغۇچ تىل ئىملىق تىل ئىدى دىگەن نەزىرىيىمۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

باشلانغۇچ تىلنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىگىدىكى ئۈچىنچى خىل نەزىرىيە "ئەمگەكتە ۋاقىراش تىلى" نەزىرىيىسىدۇر. بۇنداق نەزىرىيىنىڭ ھامىلىرى تىلدىكى بارلىق سۆزلەر كىشىلەرنىڭ بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشى جەريانىدا ئەمگەك قىلىشقا ئۈندەيدىغان، ئۇز بېشىمە-

چىلىق بىلەن چىقىرىلغان ئاۋازلىرى نەتىجىسىدە يارىتىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ قارىماققا ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمگەك قىلىش جەريانىدىكى ۋاقىراشلار ئەمگەكتىكى ھەركەتنى بىر قىلىپقا سېلىشتا ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينايدىغان بىر خىل قوراللا بولغان، خالاس. ئەپسۇسكى، ئۇنداق ۋاقىراشلار ھېچقاچان كىشىلەرنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولالىغان ئەمەس، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق ۋاقىراشلار ئاساسىدا يارىتىلغان سۆزلەر ھازىر بىرەر تىلدىمۇ ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ۋاقىراشلار سۆزلۈك مەنىگە ئىگە ئەمەس.

باشلانغۇچ تىلنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يەنە بىر خاتا نەزەرىيە "ئىما-ئىشارەت تىلى" نەزەرىيىسىدۇر. بۇ نەزەرىيىنىڭ ھامىيلىرى باشلانغۇچ تىل ئىما-ئىشارەت تىلى ئىدى، تاۋۇشلۇق تىل پەيدا بولغىچە ئىنسانلار بىر بىرى بىلەن ئىما-ئىشارەت ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقان دەپ قارايدۇ. نېمىس ئالىمى ۋ. م. ۋۇندت (W M Wundt 1920 — 1832) بىرىنچى بولۇپ بۇ نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئاكادېمىك ن. يا. مارر (1934 — 1864) بۇ نەزەرىيىنى داۋاملاشتۇرغان، ھەتتا بۇنى ماركسىزىملىق نەزەرىيە دەپ داۋراڭ سالغان. ئۇ تا ئەمگەك پەيدا بولۇپ، ئىنسانلار ئەمگەك قوراللىرىنى ياراتقىچە كىشىلەردە تاۋۇشلۇق تىل بولمىغان، "ئىما-ئىشارەت تىلى"لا بولغان، كىشىلەر بىر مىليوندىن بىر يېرىم مىليون يىلغىچە بولغان ۋاقىت داۋامىدا مۇشۇ تىل (ئىما-ئىشارەت تىلى) ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقان دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، قەدىمقى زاماندا كىشىلەرنىڭ بىردىن-بىر ئالاقە ۋاستىسى بولغان "ئىما-ئىشارەت تىلى" ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن تاۋۇشلۇق تىلغا

ئايلانغان دەپ دەۋا قىلىدۇ. ن. يا. مارر: ئادەمسىمان مايمۇنلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشتىن بۇرۇنلا بىر بىرى بىلەن "ئىما-ئىشارەت تىلى" ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقان دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ دەۋرلەردە ئادەمسىمان مايمۇنلار ئەمگەك قىلىشنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايىغى قول ۋەزىپىسىنى ئەمەس، بەلكى ئاياق ۋەزىپىسىنى بېجىرەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ دەۋرلەردە ئادەمسىمان مايمۇنلار قايسى ئەزاسى ئارقىلىق ئىما-ئىشارەت قىلسۇن. بۇ، ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس. توغرا، ئىما-ئىشارەت قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدا قىسمەن رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مارر ئېيتقاندەك، كىشىلەر ئوتتىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا "ئىما-ئىشارەت تىلى" ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىشىدا بىردىن-بىر ۋاستە بولغان ئىدى دېيىش تامامەن خاتا. شۇڭا ستالىن ماررچىلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ: "ئىشارەت تىلى دېيىلگەن تىل ناھايىتى كەمبەغەل ۋە چەكلىك بولغاچقا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ؛ ئەمەلىيەتتە، ئۇ، تىل ئەمەس، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە تاۋۇشلۇق تىلنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان سەپلىمە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ بەزىدە ئۆز نۇتقىدا مەلۇم تەرەپلەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ياردەمچى ۋاستىسى، بۇ ياردەمچى ۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ. ئىپتىدائىي ياغاچ ساپانى ئۆزىگە بەش چىشلىق تومۇر سوقا ۋە قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى بېكىتىلگەن زەنجىر تاپانلىق زامانىۋى تراكتور بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ قارىغىلى بولمىغاندەك، ئىشارەت تىلىنىمۇ تاۋۇشلۇق تىل بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ قارىغىلى بولمايدۇ" («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلە-

لىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 65 - بەت)
دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

دېمەك، ستالىن ئېيتقاندەك: "تارىختا ئۆزىنىڭ تاۋۇشلۇق تىلى بولمىغان ھېچقانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيتى — مەيلى ئۇ ئەڭ قالاق جەمئىيەت بولسۇن — بولغان ئەمەس" (يۇقۇرقى كىتاپ، 64 - بەت).

باشلانغۇچ تىلنىڭ كونكرېت ھالىتىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىگىنى ھازىر ئېنىق بىر نېمە دېيىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ستالىن ئېيتقاندەك: "شۈنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان تىللىرىنىڭ ئامىللىرىغا قۇللۇق دەۋردىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمقى زاماندىلا ئاساس سېلىنغان ئىدى، ئۇ چاغدا تىل مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىگە ئىدى، گەرچە بۇ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش بەكمۇ باشلانغۇچ دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش ئىدى" (يۇقۇرقى كىتاپ، 36 - بەت).

باشلانغۇچ تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا باشلانغۇچ تىلنى ھازىرقى زامان تىلىغا ئوخشاش دەپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئىنسانىيەت تىلى باشلانغۇچ تىل ئاساسىدا ناھايىتى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا (ئېھتىمال نەچچە يۈز مىڭ يىل، ھەتتا مىليون يىل جەرياندا) ھازىرقىدەك دەرىجىگە يەتكەن، ئەلۋەتتە.

# ئىككىنچى باپ

# تىلنىڭ ماھىيىتى

## 1 ـ بۆلۈم  تىل ۋە نۇتۇق، تىلنىڭ ئاساسى

تىلنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، تىل بىلەن نۇتۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى چۈشىنىشكە شۇنىڭدەك تىلنىڭ ئاساسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

### 1. تىل ۋە نۇتۇق

ھەر بىر كىشى ئاز دىگەندە بىر تىلنى بىلىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر خەنزۇ تىلىنى، بەزىلەر رۇس تىلىنى، بەزىلەر ئىنگلىز تىلىنى، بەزىلەر ئۇيغۇر ياكى قازاق تىلىنى بىلگەنگە ئوخشاش.

تىل ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىل تاۋۇشلىرى، لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىدىن تەركىپ تاپقان بىر سىستىما. قانداقلا تىل بولسۇن (مەيلى خەنزۇ تىلى، مەيلى رۇس تىلى، مەيلى ئىنگلىز تىلى، مەيلى ئۇيغۇر ياكى قازاق تىلى بولسۇن) ئۆز ئالدىغا بىر سىستىمىدۇر. لۇغەت تەركىۋى دىگەن، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇيغۇر تىلىدىكى

ئادەم، هايۋان، سۇ، تۇز، ئاش، ماڭ، تۇر، كەت، ئاق، قارا، كوك، مەن، سەن، ئۇ، بەش، ئالتە، يەتتە، ئاجايىپ، تازا، بەك...... دېگەنگە ئوخشاش بارلىق سوزلەرنىڭ يىغىندىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. گىراماتىكا تىل تەركىپلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تۇرلۇك قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلنىڭ قانۇنلىرىدۇر. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى سوزلەرنىڭ "ئىگە-تولدۇرغۇچى-خەۋەر" دېگەندەك تەرتىپتە بىرىكىپ كېلىشى جۇملە تۈزۈلۈشىدىكى بىر خىل قائىدىدۇر. ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، لۇغەت تەركىۋى خۇددى قۇرۇلۇش ماتىريالىغا ئوخشاش بولسا، گىراماتىكا خۇددى قۇرۇلۇشنىڭ قائىدىلىرىگە ئوخشاش.

مەيلى تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ياكى گىراماتىكىسى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۇش ۋە مەنىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن تەركىپ تاپقان. بۇنىڭ قايسىبىر تەرىپى كەم بولسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاۋۇش تىل تەركىپلىرىنىڭ شەكلى بولسا، مەنە تىل تەركىپلىرىنىڭ مەزمۇنىدۇر. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى "دەپتەر" دېگەن سوزدىكى "د-ە-پ-ت-ە-ر" ئاۋۇشلىرى بۇ سوزنىڭ شەكلى بولسا، "خەت يازىدىغان تۇپلەنگەن سىزىقلىق ياكى سىزىقسىز قەغەز" دېگەن بۇ سوزنىڭ مەنىسى (مەزمۇنى) بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. "چى" دېگەن قوشۇمچىدىكى "چ-ى (q-i)" ئاۋۇشلىرى بۇ قوشۇمچىنىڭ شەكلى بولسا، "مەلۇم كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم (ئىشچى، خىزمەتچى دېگەنلەرگە ئوخشاش) ئۇنىڭ مەنىسى (مەزمۇنى) دۇر. مەنە ئىپادىلىمەيدىغان ھەرقانداق ئاۋاز (ئاۋۇش) تەبىي ئاۋاز(تۇرلۇك تەبىي ھادىسىلەرنىڭ ئاۋازىغا

ئوخشاش) بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇنداق ئاۋاز تىل ئامىلى بولالمايدۇ.

تىلدا قانداق تاۋۇش ۋە قانداق مەنىنىڭ بولىدىغانلىقى، قايسى تاۋۇش قايسى مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى، تاۋۇش ۋە مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تىل تەركىپلىرى، تاۋۇش بىلەن تاۋۇشنىڭ قانداق بىرىكىدىغانلىقى، ئۇ مەنە بىلەن بۇ مەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى جەھەتلەردە ھەرقايسى تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

دىمەك، تىلنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋى بىلەن گىراماتىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تاۋۇش بىلەن مەنىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىنمۇ تەھلىل قىلىش كېرەك.

نۇتۇق تىلغا ئوخشىمايدۇ، بىر خىل تىلدىكى كىشىلەرنىڭ نۇتقى ئوخشاش بولمايدۇ. نۇتۇق سۆزلەش (يېزىش) ياكى گەپ قىلىش دىمەكتۇر. مەسىلەن، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىگىنىمىز (ياكى يازغىنىمىز)، يەنى سۆزلىگەن ياكى يازغان جۈملە-جۈملە سۆزىمىز (ھەتتا سۆزلىگەن ياكى يېزىپ چىققان بىر ماقالىمىز ۋە ئەسىرىمىز) نۇتۇق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

دىمەك، كىشىلەر دائىم نۇتقىي پائالىيەتتە (ھەركەتتە) بولىدۇ. بۇ پائالىيەت جەريانىدا نۇتقىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تىل ھەر بىر شەخسنىڭ نۇتقىي ھەركىتىدە ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ نۇتقىي ئەسىرىگە ياكى نۇتقىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. تىل نۇتقىي ھەركەت ۋە نۇتۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىل بىلەن نۇتۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى توۋەندىكى جەھەت-

لەردە ئېنىق كورۇلىدۇ.

(1) تىل بىلەن نۇتۇق بىر بىرى بىلەن زىچ باغلانغان ۋە بىر بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى نۇتۇقنىڭ كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، شۇ ئاساستا ئالاقىلىشىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، تىل بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈنمۇ نۇتۇق بولمىسا بولمايدۇ. چۈنكى تىل تۇرلۇك نۇتۇقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

(2) نۇتۇقتىمۇ تىلدىكىگە ئوخشاش تاۋۇش ئامىلى بولىدۇ. نۇتۇقنىڭ تاۋۇش ئامىلى تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن نۇتۇقنىڭ تاۋۇش ئامىلى پۈتۈنلەي تىلغا مەنسۇپ. ئۇنىڭدا شەخسى ئالاھىدىلىك يوق دىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى نۇتۇقنىڭ تاۋۇش ئامىلىدا ھەر بىر شەخسنىڭ نۇتقي ئالاھىدىلىگىنى كورسىتىدىغان تاسادىپى، قوشۇمچە، بېقىندى نەرسىلەر بولىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، نۇتۇقتا ئورتاق تىلغا خاس بولمىغان بەزى تاۋۇش ئامىللىرى بولىدۇ، بۇ خىل ئامىل شۇ تىلدا سوزلىشىدىغان جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. تىلغا خاس ھەقىقى تاۋۇشلۇق ئامىل شۇ تىلنىڭ فونېمىلىرىدۇر. چۈنكى بۇ خىل تاۋۇشلار شۇ تىلدا سوزلىشىدىغان جەمىيەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

(3) تىل بىلەن نۇتۇقنىڭ مەنىۋى ئامىلى ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن كىشىلەرنىڭ تىلدىكى سوزلەرنى خاتا ئىشلىتىشى ياكى بەزى سوزلەرنى خاتا چۈشىنىشى سوز مەنىلىرىدىكى سۇبېكتىپ تۇس ئالغان نەرسىلەر تىلغا خاس ئەمەس، نۇتۇققا خاس. تىلدا ئاساسەن سوزنىڭ ئوبېكتىپ مەنىسى تەتقىق قىلىنىدۇ، نۇتۇقتا بولسا سوزنىڭ

ئوبيېكتىپ مەنىسى بىلەن بىللە سۇبيېكتىپ تۇس ئالغان ئوخشىتىشتەك جەھەتلەرمۇ تەتقىق قىلىنىدۇ. توغرا، سۆز مەنىسىنىڭ سۇبيېكتىپ ئاملى سۆزنىڭ ئوبيېكتىپ مەنىسى ئاساسدا بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن تەرەققىياتتىن قارىغاندا، سۆز مەنىسىنىڭ سۇبيېكتىپ ئاملى نۇتۇقتا قېلىپلىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، سۆزنىڭ ئوبيېكتىپ مەنىسگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ، نەتىجىدە تىلغا خاس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

(4) تىل بىلەن نۇتۇقنىڭ ئوخشاشلا سىنىپىيلىكى يوق. تىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولسا، نۇتۇق ئالاقىلىشىشنىڭ ئۇسۇلى. شۇڭا كىشىلەر ئالاقىلىشىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللىيالايدۇ. ئەنە شۇ تاللاش نەتىجىسىدە نۇتۇقتا شەخسنىڭ ئىرادىسى (خاھىشى) ھەم شەخسنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىلىدۇ. بۇ خىل كوللېكتىپ ئىرادە مەزكۇر تىلنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىغا جەزمەن ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. شۇڭا شەخسى سۆزلەرنىڭ تەلەپ-پۇزىنى، مەنىسىنى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

(5) تىل بىلەن نۇتۇقنىڭ ئۆزىگە خاس تەركىۋىي قىسىم-لىرى بولىدۇ. نۇتۇقنىڭ تەركىۋىي قىسمى كونكرېت جۈملىنىڭ ياكى سۆزنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى بولسا، تىلنىڭ تەركىۋىي قىسمى فونېما، سۆز ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ياكى كونكې-رېت مەزمۇندىكى پىكرى ھامان كونكرېت جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا كونكرېت جۈملىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى نۇتۇق-نىڭ-تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ

ئېيتقاندا، كونكرېت جۈملىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغاچقا، ئۇنى نۇتۇقنىڭ بۆلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تىلشۇناسلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن ئومۇمىي خاراكتېرلىق جۈملىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا جۈملىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باغلىنىش قائىدىلىرى شۇنىڭدەك ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن فونېمىلار تىل بۆلىكى بولۇپ ھېساپ-لىنىدۇ. دېمەك، تىلنى تەتقىق قىلىشتا نۇتۇقنى تەتقىق قىلىشتىن باشلاپ، نۇتۇقتا ئىپادىلەنگەن كەڭ كۆلەملىك ئومۇمىي خاراكتېرلىق تىل ماتېرىياللىرىنى يىغىنچاقلاش ۋە خۇلاسىلاش ئارقىلىق قانۇنىيە-يەتلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 2. تىلنىڭ ئاساسى

لۇغەت تەركىۋى بىلەن گراماتىكىلىق قۇرۇلۇش تىلدا كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن "تىلنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى — تىلنىڭ ئاساسى، تىل خۇسۇسىيىتى-نىڭ ماھىيىتى" (ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 35 - بەت).

ئاساسىي لۇغەت فوندى لۇغەت تەركىۋىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە. ئۇنىڭ تەركىۋىدە ئومۇمىي خەلققە چۈشىنىشلىك، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈپ سۆزلەر بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەر لۇغەت فوندىنىڭ مېغىزى ھېساپلىنىدۇ. لۇغەت فوندىغا دائىر سۆزلەر ئادەت-تىكى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزاق بولىدۇ. بەلكى تىلدا يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "باش، تاش،

ئاش، ئات، سۇ، ئاق، سېرىق، ئۇلۇغ، مەن، سەن، ئۇ، بەش، يەتتە، بىر، ئۈچ، ماڭ، تۇر، قال، بول، كەت، ئەت، تېز، بۇرۇن، كېيىن" قاتارلىق سۆزلەر تا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە كۆپ قوللىنىلماقتا ھەمدە باشقا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولماقتا. دېمەك، ئاساسىي لۇغەت فوندى تۇراقلىق بولۇپ، ناھايىتى ئاستا ئۆزگىرىدۇ.

ستالىن: "گىراماتىكىدا سۆزنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىلىرى، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى بەلگىلەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىلغا تەرتىپلىك، مەنىلىك خاراكتېر بېرىلىدۇ" دەيدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش ئۇزۇن دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، تىلغا ھەم جان، ھەم تەن بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى لۇغەت فوندىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە تۈرلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان "نىڭ، نى، غا، قا، دا، تا، چى، لىق، لىك، سىز" قاتارلىق قوشۇمچىلار قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلىپ كەلگەن بولسا، ئىگە خەۋەردىن بۇرۇن كېلىدىغان، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان، تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىمۇ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئوخشاش بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئاساسىي لۇغەت فوندى بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش، تۇراقلىق، مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر تىل ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە لۇغەت فوندىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق كىشىلەر ياكى ئايرىم شەخسلەر بەزىدە ئايرىم سۆزلەرنى ئىجات قىلىشى ياكى ئىشلىتىشى مۇمكىن (مەسىلەن، بەزى زىيالىلارنىڭ خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئوخشاش). بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى باشقا تىلدا سۆزلەۋاتىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ ئۆز سۆزىدە ئايرىم گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئايرىم لۇغەت فوندىدا سۆزلىيەلمەيدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللى تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى ئاساسىدا سۆزلەيدۇ.

بىر تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى شۇ تىلنىڭ ئاساسىي قىياپىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ تىل باشقا تىللاردىن ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "بىز بۇ كىتابنى ئوقۇيمىز" دېسەك، خەنزۇ تىلىدا "我们读这本书" دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا بۇ ئىككى تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، خەنزۇ تىلىدا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن. ئەمدى، ئۇيغۇر تىلىدا "ياخشى ئادەم" دېيىلسە، خەنزۇ تىلىدا "好人" دېيىلىدۇ. رۇس تىلىدا "qelowek, wot" دېيىلىدۇ. مانا بۇ 3 تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، باشقا بىر تىلنى ئۆگەنگەندە، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندىنى ئۆگىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 2 ـ بولۇم تىل بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە

بۇ بولۇمدە تىلنىڭ نىمە ئۇچۇن ئىجتىمائى ھادىسە ئىكەنلىكى، تىلنى تەبىي ھادىسە، شەخسى ھادىسە، ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ ھادىسە دىگەن كوزقاراشلارنىڭ نىمە ئۇچۇن خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز.

### 1. تىل ئىجتىمائى ھادىسە

تىلنىڭ ئىجتىمائى ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئالدى بىلەن، تىل تاۋۇشى بىلەن مەنىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك دۇنيادىكى تىللارنىڭ تۇرلۇك بولۇشى ئارقىلىق چۇشەندۇرۇشكە توغرا كىلىدۇ.

تىل تەركىبلىرى، گەرچە، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لىكىن قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق مەنىنىڭ بىرىكىشى ھەققىدە مۇقەررەر قانۇنىيەت يوق. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان مەنە ئوخشاش تىللاردا ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، "تۇپلەنگەن ئەسەر" دىگەن مەنە ئۇيغۇر تىلىدا kitap دىگەن تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلەنسە، خەنزۇ تىلىدا shu، رۇس تىلىدا kniga، ئىنگلىز تىلىدا book دىگەن تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بىر خىل مەنە بىر تىلدا ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئادەم، ئىنسان، كىشى، ئىتتىك، چاپسان، تىز" ۋە شۇلارغا ئوخشاش). شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان مەنە ئوخشاش تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن،

ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئات" دىگەن سوز ئۇچ مەنىنى، "قارا" دىگەن سوز ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ).

تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ قانداق ئاساستا ئۇزئارا بىرىكىپ ئالاھىدە تىل تەركىپلىرىنى ھاسىل قىلىشى تەبىي ھالىدا بەلگىلەنمەستىن، بەلكى مەلۇم جەمىيەت كوللىكتىۋىنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق ۋە ئۇزاق زامان قوللىنىلىپ ئىجتىمائى ئادەتكە ئايلىنىشى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئۇ جەمىيەتتە ھايات كەچۇرۇۋاتقان ھەر بىر شەخس بۇ ئادەتكە ئەمەل قىلىدۇ. مەلۇم شارائىتتا جەمىيەت كوللىكتىۋىنىڭ قەدىمى تىل ئادەتلىرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئانىغ" سوزىنىڭ ئورنىغا "يامان"، "ئەسكى" سوزلىرى، "بودۇن" سوزىنىڭ ئورنىغا "خەلق" سوزى، "بود" سوزىنىڭ ئورنىغا "تەخت" سوزى، "تالۇي" سوزىنىڭ ئورنىغا "دېڭىز" سوزى، "يەگ" سوزىنىڭ ئورنىغا "ياخشى" سوزى، "ئۇكۇس" سوزىنىڭ ئورنىغا "كوپ" سوزى، "قاڭلى" سوزىنىڭ ئورنىغا "ھارۋا" سوزى، "ئۇد" سوزىنىڭ ئورنىغا "كالا" سوزى، "ئۇدچى" سوزىنىڭ ئورنىغا "پادىچى" سوزى قوللىنىلىپ ئادەتكە ئايلانغىنىغا ئوخشاش. بۇنىڭدىن يېڭى ئىجتىمائى ئادەتنىڭ كونا ئىجتىمائى ئادەتنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن، تىلدىكى تاۋۇش ۋە مەنە بىرلىكى ئاساسىدىكى تىل تەركىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائى كوللىكتىپ تەرىپىدىن قوللىنىلىپ ئادەتكە ئايلىنىش بىلەن مۇقىملىشىدۇ. تىل تەركىپلىرىدىكى تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە مۇقىملىشىپلا قالماستىن، بەلكى يا ئۇنداق، يا بۇنداق لۇغەت تەركىۋى، يا ئۇنداق، يا بۇنداق گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسى ئادەتلىنىش نەتىجە-

سىدە مۇقىملىشىدۇ. دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى كوللىكتىپنىڭ قوللىنىلىپ ئادەتلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، تىلنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تىلنىڭ ئىجتىمائى ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جەمئىيەت بولمىسا تىل بولمايدۇ. چۈنكى تىل جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىلا تىل بولىدۇ. ئىنسانلاردىن باشقا بەزى يۈكسەك دەرىجىدىكى ھايۋانلارمۇ بەزى ئاۋۇشلارنى چىقىرالايدۇ ۋە ھەركەتلىنەلەيدۇ، سىزەلەيدۇ، لېكىن ئۇلاردا گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ئىگە ھەقىقى تىل بولمايدۇ. تىل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە يوقىلىدۇ. بىز قەدىمقى بەزى يادىكارلىقلارنى ئوقۇيدىغان بولساق، بىر مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى جەرياندا ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىر مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. شۇڭا ستالىن: "تىل جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى بىلەن بىللە پەيدا بولغان ۋە تەرەققى قىلغان. تىل جەمئىيەتنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن بىللە ھالاك بولىدۇ؛ جەمئىيەتتىن تاشقىرى تىل يوق" («ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 ـ بەت) دەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە تىل بولمىسا بولمايدۇ. تىل

جەمىيەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىل ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلەندۇرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى ئاتا-بوۋىلىرى — ئادەمسىمان مايمۇنلار ئادەمگە ئايلىنالىغان، جەمىيەت بولۇپ ئۇيۇشالىغان.

تىل جەمىيەت تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم كۈچلەرنىڭ بىرى. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن تەرەققى قىلالايدۇ. كىشىلەرنىڭ جەمىيەتتىكى بارلىق پائالىيەتلىرى (مەيلى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولسۇن، مەيلى سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبە پائالىيەتلىرى بولسۇن) تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ھەر جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى تىل ئارقىلىقلا ئۇزئارا ئالماشتۇرىدۇ ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرالايدۇ. "پۈتۈن جەمىيەت ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان تىل بولمىسا، جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تىل بولمىسا، جەمىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىدۇ، يىمىرىلىدۇ ۋە جەمىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ" (يۇقىرىقى كىتاب، 30-بەت). دېمەك، ستالىن ئېيتقاندەك: "تاۋۇشلۇق تىل ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا، جەمىيەت تۈزۈشكە، ئۆز تەپەككۇرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا، تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن غەلىبىلىك تۈردە كۈرەش قىلىشىغا ھەمدە ھازىرقى ۋاقىتتا بىز قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتقا يېتىشكە ياردەم بەرگەن كۈچلەرنىڭ بىرى" (يۇقىرىقى كىتاب، 64—65-بەت).

## 2. تىل تەبى ھادىسە ئەمەس، شۇنداقلا شەخسى ھادىسىمۇ ئەمەس

تىل تەبى ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەزى تىلشۇناسلار تىل بىلەن جانلىق ئورگانىزمنى سېلىشتۇرۇپ، تىلنى تەبى ھادىسە دەپ قارىغان ئىدى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك ئاۋگۇست سېخىلى خېر (Sehlei her 1821—1868): ”تىلمۇ مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، قېرىش، ئۆلۈش-تەك تارىخى جەرياننى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ؛ تىل بىر خىل تەبى ھادىسە، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى جەمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز“ دەپ قارىغان. بۇنداق قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە يوقىلىشى مەلۇم جەمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە يوقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە يوقىلىشى جانلىق ئورگانىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئۆلۈشىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. جانلىق ئورگانىزمدا ئاتا بىلەن بالا ئەينى ۋاقىتتا بىللە ياشىشى مۇمكىن، لېكىن تىلنىڭ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جانلىق ئورگانىزم-نىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، ئۆلۈشى تەبى جەريان بولۇپ، تەبىئەت قانۇنى بويىچە مۇقەررەر بولىدىغان ھادىسە بولسا، تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئىجتىمائى جەريان بولۇپ، جەمىيەتكە بېقىنغان ھالدا بولىدىغان ھادىسىدۇر. جانلىق ئورگانى-زىمنىڭ (جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ) تەبى بىولوگىك خۇسۇسىيەتلىرى نەسىلدىن نەسىلگە تەبى يوسۇندا ئۆتىدۇ، ئەمما تىل نەسىلدىن

نەسلگە تەبى يوسۇندا ئۇتمەيدۇ.

تىل ئىجتىمائى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، تەبى خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، تىلنىڭ تاۋۇش ئامىلى كىشىلەرنىڭ بەزى فىزىولۇگىك ئورگانىزىمنىڭ تەسىر كورسىتىشى بىلەن چىقىرىلىدۇ. تىلنىڭ مەنىۋى ئامىلى بولسا كىشىلەرنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن تىلنىڭ بارلىق تەبى خۇسۇسىيەتلىرى تىلنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ فىزىولۇگىك خۇسۇسىيىتى ئومۇمەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى q، k ، h، تاۋۇشلىرى خەنزۇ تىلىدا يوق. خەنزۇ تىلىدىكى ۋە رۇس تىلىدىكى "c" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا يوق. ئەمدى خەنزۇ تىلىدا ئۇرغۇ ناھايىتى مۇھىم بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ خەنزۇ تىلىدىكىدەك سوزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۇرىدىغان دەرىجىدە مۇھىم ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋاللار ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى كوللىكتىپ ئادىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ فىزولۇگىك خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇنىڭدەك ئىنسانلار چوڭ مېڭىسىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش قابىلىيىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىلدا ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، رۇسلار "qelowek" دىسە، بىز "ئادەم" دەيمىز. خەنزۇلار "ren" دەيدۇ. بۇمۇ ھەرقايسى ئىجتىمائى كوللىكتىپ ئادىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، چوڭ مېڭىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

بوۋاق بالا مەلۇم ياشقا كەلگەندە تەبى ھالدا مېڭىشنى ئۆگىنى-

ۋالىدۇ. لېكىن ئۇ جەمىيەتسىز تىلغا ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى جەمىيەتتىن ئايرىلغان بالىنىڭ ھېچقانداق تىلغا ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئەمىلىيەتتە ئىسپاتلانغان. شۇنىڭدەك مەلۇم بىر مىللەتنىڭ بىر ئادىمى باشقا مىللەت كوللىكتىۋىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولسا، تەبىي ھالدا شۇ مىللەتنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان بولىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى پۇختا ئىگەللىگەن ياشلار ئۇزۇن مۇددەت ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش جەريانىدا باشقا بىر تىلنى ياكى بىرقانچە تىلنى ئىگەللىۋالالايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ تەبىي ھادىسە ئەمەس، ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ.

تىل شەخسىي ھادىسىمۇ ئەمەس، چۈنكى تىل شەخس ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق ۋاستە بولۇپ يارىتىلغان. شۇڭا ئۇ پۈتۈن جەمىيەتتىكى كىشىلەرگە ئورتاق قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي ياۋروپالىق بەزى تىلشۇناسلار (گېرمانىيىلىك Hermann PauL قاتارلىقلار): "ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولىدۇ، قانچە ئادەم بولسا، شۇنچە خىل پەرقلىق تىلى بولىدۇ" دەپ تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئىنكار قىلغان. توغرا، تىل شۇ جەمىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ شەخسىي تىلىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دىيالېكت-شىۋە تەركىبلىرىنى، قەدىمقى تىل تەركىبلىرىنى ئىشلىتىشى مۇمكىن ۋە بەزى تىل تەركىبلىرىنى ۋاقىتلىق ئىجات قىلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. ھەرقانداق شەخس ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان تىل ئادىتىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق تىل جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پۈتۈن

جەمىيەت ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن تىلنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا يارىتىلغان.

بىز شەخسنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئىنكار قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە. جەمىيەت تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇڭا جەمىيەتنىڭ ئەزاسى بولغان ھەر بىر شەخسنىڭ تىل تەرەققىياتىدا بىر كىشىلىك رولى بولىدۇ. يېڭى ئىجات قىلىنغان تىل تەركىپلىرى ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن كەڭ تۈردە قوللىنىلىشتىن ئىلگىرى، ئومۇمەن ئالدى بىلەن، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ تىلىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، "ئىدىيەۋى بوپا"، "ئىختىساسلىق" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئالدى بىلەن، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ تىلىدا قوللىنىلىپ، ئاندىن ئومۇملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. يېڭى ئىجات قىلىنغان تىل تەركىپلىرى تىل تەرەققىيات قانۇنىغا ۋە جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولىدىكەن، ئۇنى جەمىيەت تېزلىكتىلا قوبۇل قىلىدۇ. تارىختا نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق پەيلاسوپ، تىلشۇناس، يازغۇچى، ئالىملار ھەرقايسى مىللەت تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان ۋە ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ تۈركشۇناس مەھمۇت قەشقەرى تۈركى تىللار ۋە ئۇيغۇر تىل تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق ئالىملاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلى غەزنىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. بىز تىل-ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىمىزنىڭ تىل سەۋىيىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تىلىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

## 3. تىل ئۇستقۇرۇلما ئەمەس

يۇقۇرىدا تىلنى ئىجتىمائى ھادىسە دىدۇق. ئىجتىمائى ھادىسە ئادەتتە بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلما دىگەن ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ. ئۇنداق بولسا، تىل قايسى خىلدىكى ئىجتىمائى ھادىسە؟ تىل بازىسقىمۇ، ئۇستقۇرۇلمىغىمۇ مەنسۇپ بولمىغان ئىجتىمائى ھادىسە. تىلنىڭ بازىسقا مەنسۇپ ئەمەسلىگى ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا تىلنى بازىسقا مەنسۇپ دەيدىغان ئادەم يوق. لېكىن خېلى كوپ ئالىملار تىلنى ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ماررچىلار بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلار تىلنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشقا بېقىنىدىغانلىغىنى تەكىتلەپ، تىلنىڭ ئالاھىدىلىگىگە سەل قارىغان، نەتىجىدە جەمىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىنقىلاپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، "تىل ئىسلاھاتى" بارلىققا كېلىدۇ دىگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىگىنى ستالىن توت جەھەتتىن تەھلىل قىلىدۇ.

بىرىنچى، ھەرقانداق بازىسنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇستقۇرۇلمىسى بولىدۇ. ئەگەر بازىس ئۆزگەرسە ياكى يوقالسا، ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. يېڭى بازىس پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغان يېڭى ئۇستقۇرۇلمىمۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەقدىرى بازىسنىڭ تەقدىرىگە باغلىق. لېكىن تىلنىڭ تەقدىرى بازىسنىڭ تەقدىرىگە باغلىق ئەمەس. شۇڭا بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تىل ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئۇستقۇرۇلما بازىس تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن بازىسقا ئاكتىپ تەسىر كورسىتىدۇ

ۋە ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ. تىل ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى تىل مەلۇم بازىس ۋە مەلۇم سىنىپ تەرىپىدىن يارىتىلمىغان. شۇڭا ئۇ مەلۇم بازىس ياكى سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. بەلكى بارلىق سىنىپ ۋە بارلىق بازىس ئۈچۈن باپ-باراۋەر خىزمەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈستقۇرۇلما ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەلۇم ئىقتىسادىي بازىس ھوكۈم سۈرگەن ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنىڭلا مەھسۇلىدۇر. شۇڭا ئۇ شۇ دەۋردىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە رول ئوينىيالايدۇ. تىل بىرقانچە دەۋرنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا تىل ھەرقانداق بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىغا قارىغاندا ناھايىتى ئۇزاق ياشايدۇ. شۇڭا بىر جەمىيەتنىڭ بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىسى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرسىمۇ، ئۇنىڭ تىلىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ. چۈنكى ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپتىن كېيىن "تىل ئىسلاھاتى" قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ھەم ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تۆتىنچى، ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھەمدە كىشلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئەمەس. تىل بولسا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، كىشلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق. شۇڭا ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى شۇنىڭدەك كىشلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئۆزگىرىشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرەلمىسە، تىل بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تېزلىكتە بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دىمەك، تىل بازىسقىمۇ، ئۈستقۇرۇلمىغىمۇ مەنسۇپ بولمىغان ئالاھىدە بىر ئىجتىمائى ھادىسىدۇر. گەرچە تىلمۇ باشقا ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە ئوخشاش (مەسىلەن، ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئەدەبىيات-

سەنئەت، سىياسى، قانۇن قاتارلىقلارغا ئوخشاش) جەمىيەتنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ۋە جەمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ تىلنىڭ ئالاقە قورالى ۋە پىكىرلىشىش قورالى سۈپىتىدە جەمىيەتكە خىزمەت قىلىدىغانلىقىدۇر.

## 3 - بۆلۈم تىل ئومۇمى خەلقنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى

تىلنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش تىلنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ. ستالىن: "تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر بىرىنى چۈشىنىدۇ" («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 30 - بەت) دېگەن ئىدى.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەگەر ئۇ، ئالاقىلىشىش ۋاستىسىلىك رولىنى يوقىتىدىكەن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، سۆزلىگۈچى كىشى تىلدىن ئىبارەت بۇ قورال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىرى، تىڭشىغۇچى كىشىمۇ ئوخشاشلا شۇ تىلدىن ئىبارەت قورال ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى چۈشىنىدۇ. پىكىر ئالماشتۇرۇش تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىمۇ، ئەلۋەتتە، تىل ئارقىلىق

بولىدۇ. ئادەتتىكى ھايۋانلاردا ئۇزئارا ئالماشتۇرىدىغان پىكىر يوق، شۇڭا ئۇلاردا تىلمۇ يوق. تىل پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس ئالاقىلىشىش قورالى.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ قالماستىن، بەلكى، لېنىن ئېيتقاندەك: "ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسى." تېلېگىراف فورمۇلىلىرى، ماتېماتىكىلىق، خىمىيىلىك فورمۇلىلارمۇ بىر خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسى، لېكىن ئۇلار پەقەت مەلۇم تىل ۋە تىل تەركىپلىرى ئاساسىدىلا رول ئوينايدىغان قوشۇمچە ۋاستە، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە خىزمەت دائىرىسى بولىدۇ. تىل ھېچقانداق ۋاستىگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل ۋاستە بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. كىشىلەر يۇقۇرقىدەك قوشۇمچە ماتېرىيال-لاردىن باشقا، يەنە رەسىم، رەڭلىك چىراق، قول ئىشارىتى، دۇمباق قاتارلىقلار ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزىدۇ ۋە مەلۇم ئىدىيىۋى ھېسسىياتلارنى ئالماشتۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنى تىلغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتى ناھايىتى چەكلىك. مەسىلەن، توت كوچىدىكى رەڭلىك چىراقلار "مېڭىشقا بولىدۇ"، "توختاش كېرەك" دېگەندەك مەنىلەرنىلا ئىپادىلىيەلەيدۇ. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىشىدىكى ياردەمچى ۋاستىلەردۇر. ئومۇمەن، پەقەت تىللا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بىر كۈنمۇ بولمىسا بولمايدۇ، ئىنسانلار ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى تولۇق ئالماشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان ۋاستە-دۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدۇر. تىلدىن ئىبارەت بۇ ئالاقىلىشىش

ۋاستىسى پۈتۈن مىللەتنىڭ بايلىغى. شۇڭا ئۇ مىللىي خاراكتىرغا ئىگە. ماررچىلارنىڭ تىل ئەزەلدىنلا سىنىپنىڭ، ھەرقانداق تىل بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، دەيدىغان سەپسەتىلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىز، خاتا.

بىرىنچىدىن، تىلنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە تىلنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى جەھەتتىن قارىغاندا، تىل ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەرياندا ئومۇمى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە بېيىتىلغان. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تىلمۇ بىللە يارىتىلغان. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئىنسانلار جەمىيىتى سىنىپلارغا بولۇنمىگەن، شۇڭا تىل ئومۇمى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە ئومۇمى خەلققە خىزمەت قىلىغان. تىل كېلىچەكتىكى سىنىپسىز كوممۇنىزىم جەمىيىتىدىمۇ تىل، ئەلۋەتتە ئومۇمى خەلقنىڭ بولىدۇ. شۇڭا سىنىپسىز جەمىيەتتە تىلنىڭ سىنىپىيلىغىدىن سوز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. سىنىپىي جەمىيەتتىمۇ ھېچقانداق تىل بىرەر سىنىپ تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس ۋە بىرەر سىنىپقا خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇ جەمىيەتتىكى بارلىق سىنىپقا ئوخشاشلا خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى ياكى قازاق تىلىنىڭمۇ ئۇيغۇر ياكى قازاقلار ئىچىدىكى بىرەر سىنىپ تەرىپىدىن يارىتىلمىغانلىغى، بىرەر سىنىپقا مەخسۇس خىزمەت قىلمايدىغانلىغى ھەممىمىزگە ناھايىتى ئايان.

ئىككىنچىدىن، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ بەزى مەخسۇس سوزلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق سوزلەر سىنىپىي ئادەت سوزلىرىگە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنداق سىنىپىي ئادەت سوزلىرى تىل بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى تار بولىدۇ. ھەتتا ئۇنى شۇ سىنىپتىكى ھەممە كىشىنىڭ ئىشلىتىشىمۇ

ناتايىن. تىلنىڭ ئاساسى بولغان ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە گىرام-
ماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىرەر سىنىپقا تەۋە بولمايدۇ، يەنى ھەر بىر
سىنىپنىڭ ئۆز ئالدىغا گىراماتىكىسى ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى
بولمايدۇ. شۇڭا دۇنيادا پرولېتارىيات گىراماتىكىسى، بۇرژۇئازىيە
گىراماتىكىسى، پومېششىك لۇغەت فوندى، كەمبەغەل دېھقان لۇغەت
فوندى بولۇپ باقمىغان ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك،
سىنىپىي تىل دېگەن نەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

بەزىلەر سىنىپىي جەمئىيەتتە كەسكىن سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت،
شۇڭا تىل سىنىپىي خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش
توغرا ئەمەس. قارىمۇ-قارشى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي
كۈرەش قانچە كەسكىن بولسا بولسۇن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئۇلار يەنىلا ئومۇمىي تىل بىلەن
ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ. سىنىپىي كۈرەش قانچە كەسكىنلەشسە، ئومۇمىي
تىلدىن پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. «غۇنچەم»
دىراممىسىدا غۇنچەم ۋە نۇرۇملار ۋەكىللىكىدىكى دېھقانلار بىلەن
ئومەر شاڭيۇ ۋەكىللىكىدىكى پومېششىكلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن
كۈرەشتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئورتاق تىلىنى ئىشلىتىدۇ.
بۇنىڭدىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ جەمئىيەتنى بۆلۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنى
ۋە تىلنىمۇ ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار تىلى قىلىپ بۆلۈۋېتەلمەيدى-
غانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك، سىنىپىي
كۈرەشنىڭ قورالى بولغان بەزى نەرسىلەردىمۇ سىنىپىيلىق بولمايدۇ.
مەسىلەن، ئەكسىيەتچى سىنىپلار مىلتىق، زەمبىرەكلەر بىلەن خەلقنى
باستۇرىدۇ، خەلقمۇ مۇشۇ قوراللار ئارقىلىق ئەكسىيەتچىلەرنى
ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شۇڭا بۇ نەرسىلەردە (مىلتىق، زەمبىرەكلەردە)

سىنىپىي خاراكتىر بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە تىلمۇ ئوخشاش.

تىل مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، ماقال-تەمسىللەر بىلەن ئارىلاش-تۇرۇۋېتىلسىمۇ، تىلدا سىنىپىيلىق بولىدۇ دەيدىغان خاتا خۇلاسە چىقىرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. سىنىپىي جەمىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى سىنىپىيلىققا ئىگە. شۇڭا كاپىتالىستىك جەمىيەتتە بۇرژۇئا-زىيە مەدەنىيىتى بىلەن پۇرولېتارىيات مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى مەدەنىيەت مەۋجۇت. لېكىن مەدەنىيەتنىڭ شەكلى بولغان تىلدا سىنىپىيلىق يوق. ئۇ پۈتۈن جەمىيەتكە ئورتاق، شۇڭا ئۇ بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ، پۇرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. ئادەتتە بىز "ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئورتاق تىل يوق" دەيمىز. بۇ يەردىكى "تىل" سۆزى ئوخشىتىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىدېئولوگىيە دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا. ئىدېئولوگىيە، ئەلۋەتتە، سىنىپىي بولىدۇ. ئىدېئولوگىيە تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن تىل بىلەن ئىدېئولوگىيە خاراكتىرى ئوخشاشمايدىغان ئىككى نەرسە، شۇڭا بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. شاڭخەي خەلق قوشىقىدا "ھەرقايسى دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ ناخشىسى ئېيتىلىدۇ، ھەرقايسى سىنىپتىكىلەر ئۆز سىنىپىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ" دېگەن سۆز بار. بۇ تىلنىڭ سىنىپىيلىقىنى ئىسپاتلامدۇ؟ ياق. چۈنكى بۇ بىر ماقال، تىل ئەمەس. ماقال مەلۇم مەقسەت ئاساسىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپا-دىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ "ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە"، "ئېرىقنىڭ يېنىنى ئال، چاكارنىڭ جېنىنى" دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار بار. بۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىر بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. لېكىن بۇلاردا

ئىشلىتىلگەن تىل يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا سىنىپىيلىق يوق.

شۇنىمۇ تەكىتلەش زورۇركى، يولداش ستالىن ئېيتقانىدەك: "كىشىلەر، ھەرقايسى ئىجتىمائى گورۇھلار، ھەرقايسى سىنىپلار تىلغا كوڭۇل بولمەي قالمايدۇ. ئۇلار تىلدىن ئوز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا پايدىلىنىپ، تىلغا ئوزلىرىنىڭ ئالاھىدە سوزلىرىنى يەنى ئالاھىدە ئاتالغۇلىرىنى ۋە ئالاھىدە ئىبارىلىرىنى زورلاپ كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ......" («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 16 - بەت).

ھەرقايسى سىنىپلار تىلنى ئىشلىتىش جەريانىدا تىلغا مەلۇم تەسىر كورسەتمەي قالمايدۇ. تىل ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئورتاق بايلىقى، ئۇ جەمىيەتتە ئىشلىتىلىش جەريانىدا تەرەققى قىلىپ ۋە بېيىپ بارىدۇ. شۇڭا تىلنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە بېيىشىدا ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توھپىسى بولىدۇ. مانا بۇ سىنىپلارنىڭ تىلغا تەسىر كورسىتىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئالاھىدە سوز-ئىبارىلىرىنى "تىلغا زورلاپ كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ، بۇ جەھەتتە، خەلقتىن ئايرىلغان ۋە خەلققە ئوچمەنلىك بىلەن قارايدىغان مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ يۇقۇرى قاتلاملىرى، مەسىلەن، ئاقسوڭەكلەر، بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى ئوزلىرىنى ئالاھىدە كورسىتىدۇ" (يۇقۇرقى كىتاپ 16-بەت). ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ھوكۇمران سىنىپلار ئىشچى، دىخانلارنى "چاكار" دىسە، ئوزلىرىنى ماختاپ "باي، يۇرتنىڭ ئوزۇغى"، "بەرمىسمۇ باي ياخشى" دەيتتى. ئەمگەكچى خەلق ياپون جاھانگىرلىكىنى "ئالۋاستىلار" دەيتتى، گومىنداڭ

ۋاقىتىدىكى ساقچىلارنى "قارا ئىتلار" دەيتتى. قازاقلار ئىچىدىن چىققان باندىتلار بولسا كوممۇنىستلارنى "قىزىل ئاياق" دەيتتى، گومىنداڭلارنى "سارى ئاياق" دەيتتى.

ستالىن: ھەرقايسى سىنىپلار "بەزىدە ئوخشاش بىر سۆز ۋە ئىبارىنى باشقا-باشقا مەنىدە چۈشىنىدۇ" دەيدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم سۆزلەرنى ھەرقايسى سىنىپ ئور-تاق چۈشەنگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا يەنە سىنىپىي تۈس قوشىدۇ. مەسىلەن، "ئەمگەك" سۆزىنى بۇرژۇئازىيە "پاسكىنا، مەينەت" دىگەن مەنىدە چۈشەنسە، بىز ئۇنى شەرەپلىك، ئۇلۇغ ئىش دەپ چۈشە-نىمىز. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، بەزىدە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ. مەسىلەن، 1961-يىلدىكى جەنۋەدە ئېچىلغان لائوس مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا ئامېرىكا "ئوتتۇرىدا تۇرۇش" دىگەن سۆز-گە يېڭى مەنە قوشۇپ "ئوتتۇرىدا تۇرۇش" دىگەن "چەتتىن كەلگەن خەۋپنى چەكلەپلا قالماي، بەلكى ئىچكى خەۋپنىمۇ چەكلەش كېرەك دىگەنلىكتۇر" دىگەن نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. مانا بۇ سۆز مەنىسىنى بۇرمىلاش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق بۇرمىلاش ئەمەلگە ئاشمىغان ھەم ئاشمايدۇ.

مەيلى بەزى سىنىپلار مەخسۇس ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەر بولسۇن ياكى سۆز مەنىلىرىدە سىنىپىي تۈس ئالغان نەرسىلەر بولسۇن، تىلنىڭ ئومۇمى خەلقنىڭ ئالاقە ۋاستىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەيلى قايسى سىنىپنىڭ ئەزاسى بولسۇن، بۇنداق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆز تىلىدا ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق

قوروْلوْشى ۋە ئاساسى لوْغەت فوندى ئاساسىدا ئالاقىلىشىش مەقسە‐
دىگە يېتەلەيدوْ. شوْڭا تىل ھەرقانداق ئەھۋالدا ئوموملىقنى ئىگە
بولىدوْكى، ھەرگىز سىنىپىي بولمايدوْ.

## 4 ـ بولوْم تىل تەپەككوْر قىلىشنىڭ قورالى

تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدىلا پىكىر قىلغىلى بولىدوْ. كىشىلەر
مەيلى ئوْزئارا ئالاقىلاشقاندا ياكى پىكىر ئالماشتوْرغاندا بولسوْن،
تىلدىن پايدىلىنىدوْ. مەيلى پىكىر يوْرگوْزگەندە ياكى مەلوْم ئىدىيىۋى
تونوْشقا كەلگەندە بولسوْن، يەنىلا تىلدىن پايدىلىنىدوْ. شوْڭا تىل
ئالاقىلىشىش ۋاستىسىلا بولوْپ قالماي، بەلكى يەنە پىكىرلىشىشنىڭمۇ
ۋاستىسىدوْر.

ستالىن: "ئادەمنىڭ كاللىسىدا قانداق پىكىرلەرنىڭ پەيدا
بولوْشىدىن ۋە بوْ پىكىرلەرنىڭ قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولوْشىدىن
قەتئىي نەزەر، بوْ پىكىرلەر پەقەت تىل ماتېرىيالى ئاساسىدىلا،
تىلدىكى سوزلەر ۋە جوْملىلەر ئاساسىدىلا پەيدا بولىدوْ ۋە مەۋجوْت
بولوْپ توْرىدوْ؛ تىل ماتېرىيالىدىن خالى بولغان، تىلنىڭ 'تەبىي
ماددىسى'دىن خالى بولغان ياپ ـ يالىڭاچ پىكىرلەر مەۋجوْت ئەمەس.
'تىل پىكىرنىڭ بىۋاستە رىياللىغى' (ماركسنىڭ سوزى) پىكىرنىڭ
چىنلىغى تىلدا ئىپادىلىنىدوْ" («ماركسىزم ۋە تىلشوْناسلىق مەسىلىلىرى»،
مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 ـ يىل ئوْيغوْرچە نەشرى، 55 ـ بەت)
دەيدوْ. بوْنىڭدىن ئادەتتىكى ساغلام ئادەملەرنىڭ مەيلى قانداق
ئەھۋالدا بولسوْن، تىل ماتېرىيالىسىز پىكىر قىلالمايدىغانلىغىنى
كورگىلى بولىدوْ. بىز قانداقلا مەسىلە ئوْستىدە پىكىر يوْرگوْزسەك،

تىلنىڭ قاتنىششى بىلەن پىكىر يۈرگۈزىمىز. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى پىلان تۈزۈش ۋاقتىدا بولسۇن، مەسىلىگە جاۋاپ بېرىش ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى بىرەر مەسىلىنى مۇنەييەنلەشتۈرۈش ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى ئىنكار قىلىش ۋاقتىدا بولسۇن، بەرىبىر تىلنى ئىشلىتىمىز ياكى تىلدىن پايدىلىنىمىز. خەنزۇلار خەنزۇ تىلى ئارقىلىق پىكىر قىلسا، رۇسلار رۇس تىلى ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ. ئەمدى باشقا بىر تىلنى ئۆگىنىۋاتقان كىشىلەر، ئالدى بىلەن، ئۆز تىلى ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، پىكرىنى تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى تەرجىمە قىلىپ سۆزلەيدۇ. مانا بۇ شۇ كىشىنىڭ باشقا تىل بىلەن پىكىر قىلىشقا تېخى ئادەتلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، چوقۇم مەلۇم تىل ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

تىل كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. تىلنىڭ تەپەككۇر قىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، تىلنىڭ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشىدە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمگەك ئىنسانلارنى، ئىنسانلارنىڭ تىلىنى ۋە تەپەككۇرىنى بىرلا ۋاقىتتا ياراتقان. ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە روشەنلىشىش، بىلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۇسۇشى، ئالدى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى ئەمىلىيىتىگە يولىنىدۇ، شۇنىڭدەك تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگىمۇ يولىنىدۇ. ھەر بىر كىشى دۇنيانى بىلىش پائالىيىتىدە، بىر تەرەپتىن، ئىنسانلار ئىگە بولغان بىلىمنى ئىگەللەيدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلار تېخى ئېرىشەلمىگەن

بىلىملەرگە ئېرىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى بۇ ئىككى جەھەتنىڭ قايسىسىدا بولسۇن، تىل ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىر كىچىك بالا تىلى چىققىش بىلەن "ئانا"، "دادا" دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ناتايىن. ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئېيتىش ۋە باشقا باللاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى مۇمكىن. دېمەك، "ئانا"، "دادا" دېگەن سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ سۆز ئىپادىلەيدىغان شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىدۇ، چۈنكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى تونۇپ يېتىش تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. 1927-يىلى ھىندىستاندا جەمىيەتتىن ئايرىلىپ ھايۋانلار ئارىسىدا ياشاپ چوڭ بولغان ئىككى قىز تېپىلغان. ئۇلاردا تىل بولمىغان، تونۇۋېلىش قابىلىيىتىمۇ تۆۋەن بولغان. جەمىيەتتىكى ئۇلار بىلەن تەڭ باللارنىڭ تىلنى ئىگەللىشىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى، خېلى مۇرەككەپ پىكىرلەرنى قىلالايدىغانلىقى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. بۇ پاكىت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن تىلنىڭ تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، تىل تەپەككۇر قىلىشنىڭ قورالى، چۈنكى ئىنسانلار تەپەككۇرنىڭ نەتىجىلىرى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. تىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسى، چۈنكى تەپەككۇرنىڭ نەتىجىلىرى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالماشتۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. قىسقىسى، تىل بولغانلىقى ئۈچۈنلا، شەخسى بىلىم كوللېكتىپنىڭ نەرسىسىگە ئايلىنالايدۇ. ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ بىلىمى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قىممەتلىك مىراس

بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار جەمىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، تىل بىلەن تەپەككۇر ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. تىل بىلەن تەپەككۇر بىر بىرىگە يولەنگەن ھالدا مەۋجۇت بولغان، بىر بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە. لېكىن ئۇلار ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ ئەمەس، سىنىپىي خاراكتېرغىمۇ ئىگە ئەمەس. بۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپى بىلەن — ئىشلەپچىقىرىشتىن بازىسقىچە، بازىستىن ئۈستقۇرۇلمىغىچە بولغان ھەممە تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭغا قاراپ تىل بىلەن تەپەككۇرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا ئۇلار تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

1) تەپەككۇر ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى، تىل بولسا ئالاقىلىشىش، پىكىرلىشىش ھەم تەپەككۇر قىلىش قورالى.

2) تەپەككۇر ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمەن، نورمال كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تەپەككۇر قىلالايدۇ. شۇڭا تەپەككۇر ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق. تىل ۋە تىل قانۇنىيەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەمەس، بەلكى مەلۇم مىللەتكە ئورتاق. شۇڭا ئۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

3) تەپەككۇر تەبىئەت ۋە جەمىيەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنچە، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىق پىكىر شەكىللىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تىل ئەنە شۇ پىكىر شەكىللىرىنى سوز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادى‐لەيدۇ. شۇڭا تەپەككۇر تىلنىڭ مەزمۇنى بولسا، تىل تەپەككۇرنىڭ شەكلىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپەككۇر تەتقىقاتىنى تىل تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، تىل تەتقىقاتىنى تەپەككۇر تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى تەپەككۇرنى لوگىكا تەتقىق قىلىدۇ، تىلنى تىلشۇناسلىق تەتقىق قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى باپ

# فونېتىكا

فونېتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلى گرېكچە Phonetikos دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تىلىمىزدا تاۋۇش ۋە تاۋۇش سىستېمىسى ھەققىدىكى بىلىم دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

فونېتىكا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى (تاۋۇشلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى، ئىجتىمائى خۇسۇسىيىتىنى)، تاۋۇش سىستېمىسىنى (فونېما ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى شۇنىڭدەك فونېمىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى)، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشى...... قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

## 1-بۆلۈم تىل تاۋۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى

تاۋۇشنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى جەھەتتىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تاۋۇش ھاۋا سىستېمىسى بىلەن مەلۇم نەرسىنىڭ تىترىشىدىن

پەيدا بولىدۇ. ھاۋاسىز جايدا تاۋۇش تارقالمايدۇ. تىل تاۋۇشلىرىمۇ ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا بىلەن تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشى ۋە باشقا ئەزالارنىڭ تۈرلۈك ھەركەتلەردە بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. تىترەش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تاۋۇش دولقۇنىنىڭ ئوخشاش-ماسلىقى ئارقىسىدا ھەر بىر تاۋۇش ئېگىز-پەس، كۈچلۈك-كۈچسىز، ئۇزۇن-قىسقا بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ ۋە بىر بىرى-دىن پەرقلىنىدۇ.

بىرىنچى، تاۋۇشنىڭ ئېگىز-پەسلىكى تىترىگۈچى نەرسىنىڭ تىترەش مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باغلىق. بىر سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە تىترەش سانى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن چىققان تاۋۇش شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، قانچە ئاز بولسا، ئۇنىڭدىن چىققان تاۋۇش شۇنچە پەس بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاڭلاش ئەزالىرى سېكۇنتىغا 16 مىڭدىن 20 مىڭغىچە بولغان تىترەشتىن پەيدا بولغان تاۋۇشنى ئاڭلىيالايدۇ.

ئىككىنچى، تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى تىترەش ئارىلىقىنىڭ كەڭ-تارلىقىغا باغلىق، تىترەش ئارىلىقى قانچە كەڭ بولسا، تاۋۇش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، تىترەش ئارىلىقى قانچە تار بولسا، تاۋۇش شۇنچە ئاجىز بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى تىترىگۈچى نەرسىگە تەسىر قىلغۇچى تاشقى كۈچنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى بىلەن ئېغىز، دىماق بوشلۇقىدا كۈچلۈك ياكى كۈچسىز توسالغۇغا ئۇچرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا

ئۈپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈك بولسا، چىققان تاۋۇش كۈچلۈك بولىدۇ، ھاۋا ئېقىمى كۈچسىز بولسا، چىققان تاۋۇش ئاجىز بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى تىترىگۈچى نەرسىنىڭ تىترەش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا باغلىق بولىدۇ، تىترەش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، تاۋۇش ئۇزۇن (سوزۇلۇپ) چىقىدۇ، تىترەش ۋاقتى قىسقا بولسا، تاۋۇش قىسقا (ئۈزۈلۈپ) چىقىدۇ. تىل تاۋۇش-لىرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى شۇ تاۋۇشنى چىقىرىشقا قاتناشقان تاۋۇش ئەزاسىنىڭ ھەركەتلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم تاۋۇشنى چىقارغاندا، تاۋۇش ئەزاسىنىڭ ھەركەتلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، ئۇ تاۋۇش ئۇزۇن (سوزۇلۇپ) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ھەركەتلىنىش ۋاقتى قىسقا بولسا، ئۇ تاۋۇش قىسقا (ئۈزۈلۈپ) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، تىترىگۈچى نەرسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، تاۋۇشنىڭ ئەتراپقا ياڭراش شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى......قاتارلىقلار نەتىجىسىدە ئوخشاش بولمىغان تۈستىكى (خاراكتېردىكى) تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ھەرخىل تۈستە (خاراكتېردا) بولۇشى ئېغىز ۋە دىماق بوشلۇقىنىڭ، كانايىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، كەڭ-تارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا ئىلگىر-كېيىن بولۇشى، ئىڭەكنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ كۆتۈرۈلىشى، لەۋلەرنىڭ دوگلەك بولۇش-بولماسلىقى بوشلۇق ئەزالىرىمىزنىڭ شەكلىنى ھەر خىل دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاۋۇش ئەزالىرىمىزدىن ھەر خىل تۈستىكى (خاراكتېردىكى) تاۋۇشلار چىقىدۇ.

تاۋۇشنى يارىتىشتا سادامۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. سادا ئەتراپى تۇراقلىق ھاۋا بوشلۇغىدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، دۇتارنىڭ قوسىغى تارنىڭ تىترىشىدىن پەيدا بولغان تاۋۇشنىڭ تارقىلىشى ۋە كۈچىيىشىدە سادا بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە كۈچىيىشىدە كىشىلەرنىڭ ئېغىز ۋە دىماق بوشلۇغى سادا بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىولوگىيىلىك ئاساسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى خۇددى پۇختا ئىشلەنگەن مۇكەممەل بىر چالغۇ ئەسۋاۋىغا ئوخشايدۇ. تىلدىكى ھەرقانداق تاۋۇش تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ تۇتاش ھەركىتى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تاۋۇش چىقىرىشتىكى رولىغا قاراپ ئۈچ قىسىمغا بولۇنىدۇ.

بىرىنچى، نەپەس ئەزالىرى: بۇ ئۆپكە، نەپەس يولى، كىكىرتەك ۋە قوساق بىلەن كوكرەك بوشلۇغىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە (دىافىراگما) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەزالار، ئاساسەن، ھاۋا مەنبەسى بولۇپ، ئۇلاردىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق تاۋۇش پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى، بوغۇز ۋە كومۇرچەك: بۇ ئۈزۈكسىمان كومۇرچەك بىلەن قالقانسىمان كومۇرچەكنى ۋە بوغۇزنىڭ ئىچىگە جايلاشقان تاۋۇش پەردىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاۋۇش پەردىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى بوغدىيەكنىڭ ئىچىدىكى قالقانسىمان كومۇرچەك بىلەن، ئارقا قىسمى چومۇچسىمان كومۇرچەك بىلەن تۇتاشقان. چومۇچسىمان كومۇرچەكنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن تاۋۇش پەردىسى ئېچىلىپ ـ يې-

پىلىپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ تاۋۇشلىرى مۇشۇ ئەزادا ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، نەپەس ئېلىنغاندا تاۋۇش پەردىسى ئوچۇق بولۇپ، ھاۋا ئەركىن ھالدا كىرىپ چىقسا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار چە- قىدۇ، ئەگەر تاۋۇش پەردىسىنىڭ تارتىلىشى بىلەن ئارىلىق پەيدا بولسا، ھاۋا ئېقىمى ئەنە شۇ تار ئارىلىقتىن ئۆتكەندە تاۋۇش پەردىسىنى تىترىتىپ، سوزۇق ۋە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، بوغۇز قاپقىسى، ئېغىز ۋە دىماق بوشلۇغى: بۇ قاتتىق- يۇمشاق تاڭلاي، تىل، كىچىك تىل، ئاستىنقى-ئۈستۈنكى چىش، لەۋ ۋە ئاستىنقى ئىڭەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەزالار تاۋۇش چىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىل ئەڭ ھەركەتچان ئەزا بولۇپ، ئۇ تىل ئۇچى، تىل ئالدى، تىل ئارقىسى ۋە تىل ئوتتۇرىسى دېگەن قىسىملارغا بولۇنىدۇ. چۈنكى تىل ئۇچى ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى چىشقا، چىش تۈۋىگە تېگىش بىلەن تۈرلۈك تاۋۇشلار (d, t, n, L قاتارلىق) چىقىدۇ. تىل ئالدىنىڭ يۇقۇرى تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن z, x, j, q تاۋۇش- لىرى چىقىدۇ. تىل ئوتتۇرىسىنىڭ ھەركىتى خېلى چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن y, g, k تاۋۇشلىرى چىقىدۇ. تىل ئارقىسىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن k, q, h تاۋۇش- لىرى چىقىدۇ. تىلدىن قالسا، ئاستىنقى لەۋمۇ خېلى ھەركەتچان، ئۇنىڭ يۇقۇرقى لەۋگە تېگىشى بىلەن b, p تاۋۇشلىرى چىقىدۇ. شۇڭىدەك سوزۇق تاۋۇشلارنى چىقىرىشتىمۇ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى لەۋ تۈرلۈك ھەركەتلەردە بولىدۇ. ئەمدى كىچىك تىل بىلەن بوغۇز قاپقىسى ئانچە ھەركەتچان ئەزا ھېساپلانمىسىمۇ، بەزى تىللاردىكى قىسمەن تاۋۇشلارنى چىقىرىشتا رول ئوينايدۇ. كىچىك تىل تىترەش

ھاسىل قىلىپ، خەنزۇ تىلىدىكى ۋە فرانسۇز تىلىدىكى كەمتۈك ۲ نى چىقارسا، ئەرەپ تىلىدىكى ٤ بوغۇز قاپقىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن چىقىدۇ. دېمەك، تىل تاۋۇشلىرى پەيدا بولۇش جەھەتتىن فىزىكىلىق ۋە فىزىولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا رېنتگېن قاتارلىق ئەسۋاپلار بىلەن تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىشتىكى رولىنى بەلگىلەشكە بولسا، ئېلېكتىرونلۇق ئەسۋاپ بىلەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قاتارلىقلار بىلەن تاۋۇشنىڭ تۈرلۈك فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق ۋە فىزىولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنىلا تەتقىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سۆز مەنىلىرىنى ۋە گىراممatikىلىق شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. تىل تاۋۇشلىرى ئۆزىنىڭ مانا شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقا ھەرقانداق تاۋۇشلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۈچۈق كۆرگىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، تىل تاۋۇشلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن تاۋۇش سىستېمىسى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىدىغان فىزىولوگىيىلىك ئەزالىرى ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن ئوخشاش فىزىولوگىيىلىك ئەزاغا ئىگە كىشىلەرنىڭ مىللىتى ئوخشاشمىغانلىقى ئۈچۈن، تاۋۇشنى سېزىش ۋە چىقىرىش قابىلىيىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، بىر مىللەت ئىچىدىكى ھەرقايسى دىيالېكت ۋە شېۋىلەردە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدىمۇ بەزى تاۋۇشلارنى سېزىش ۋە چىقىرىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇمۇ شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئىجتىمائىي ئادىتىنىڭ نەتىجىسى.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى تىللاردىكى فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلارنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى تۈرلۈك تىللاردا بەزى فونېمىلار بولسا، بەزى فونېمىلار بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھەرقايسى تىللارنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ۋە ئۇرغۇ ئالاھىدىلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ تىلنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

تۆتىنچى، تىل تاۋۇشلىرى ئۆزئارا بېقىنىش ۋە تەسىر قىلىش ئاساسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە دىيالېكتلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ھەرقايسى تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىك قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ. چۈنكى تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىش شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدە ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

دېمەك، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئاشۇ تۆت جەھەتتىن ئىسپاتلىنىدۇ.

## 2-بۆلۈم تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە تەھلىل

### 1. تاۋۇش ئاملى ۋە تاۋۇش بەلگىسى

ئىنسانلار تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئۆزىنىڭ خاركتېرىنىڭ ئوخشاش

بولماسلىقىغا قاراپ، ئىگىز ـ پەس، كۆچلۈك ـ كۆچسىز، ئۇزۇن ـ قىسقا دەپ پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تاۋۇش ئاملى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز.

ئىنسانلار تىلىدىكى بولغىلى بولمايدىغان ئەڭ كىچىك تاۋۇش بولەكلىرى تاۋۇش ئاملى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇستاز" سوزىنى ئالدى بىلەن، "ئۇس" ۋە "تاز" دەپ ئىككى قىسىمغا، ئاندىن تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، "ئۇس"نى "ئۇ" ۋە "س"دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا، "تاز"نى "ت ـ ا ـ ز"دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بولىمىز. بۇنىڭدىنمۇ كىچىك قىسىمغا بولەلمەيمىز. دېمەك، "ئۇستاز" سوزىدىكى "ئۇ ـ س ـ ت ـ ا ـ ز"لار ئەڭ كىچىك تاۋۇش ئاملى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىپ، تەتقىقلاش ئۈچۈن، ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان تاۋۇش بەلگىلىرىنى ئىجات قىلدى. تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەر تاۋۇش بەلگىسى ياكى ھەرپ دېيىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى تۈركى رۇنىك يېزىغىنىڭ، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ، ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ، لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىغىنىڭ ھەرپلىرى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگەن ۋە خاتىرىلەۋاتقان شەرتلىك بەلگە (تاۋۇش بەلگىلىرى)دۇر. دۇنيادىكى ھەرخىل تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ئىچىدە خەلقارالىق تاۋۇش بەلگىسى ئەڭ مۇكەممەل بەلگىدۇر. ئۇ 1888 ـ يىلى خەلقارا فونېتىكا جەمىيىتى تەرىپىدىن ئىلان قىلىنغان، كېيىن تولۇقلاپ ئۆزگەرتىلىپ خەلقارادا تاۋۇش ئاملىنى ئومۇمى يۈزلۈك خاتىرىلەيدىغان تاۋۇش بەلگىسىگە ئايلانغان. باشقا تاۋۇش بەلگىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، خەلقارالىق

تاۋۇش بەلگىسىنىڭ ئارتۇقچىلىغى ناھايىتى كوپ. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر بەلگە بىرلا تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ، مەلۇم بىر تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە يەنە بىر تاۋۇشنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلگىنىڭ شەكلى ناھايىتى مۇقىم، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئۇ خەلقارادا نۇرغۇن مىللەتلەر قوللىنىدىغان لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن، قوشۇمچە بەلگىلەر كوپ ئەمەس، شۇڭا تونۇۋېلىش، ئەستە قالدۇرۇش، يېزىش خېلى ئاسان. خەلقارالىق تاۋۇش بەلگىسى (ترانسكرىپسى) ھەرقايسى ئەللەردىكى تىلشۇناسلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىغى ئۈچۈن، فونېتىكىشۇناسلىقتا تىل تاۋۇشلىرى مۇشۇ بەلگىلەر ئارقىلىق خاتىرىلىنىدۇ. ئۇنى ھەرقايسى مەملىكەت تىلشۇناسلىرى ئوقۇيالايدۇ.

## 2. تاۋۇشلارنىڭ بولۇنۇشى

ھەر بىر تاۋۇش ئاملى ئوزىگە خاس تاۋۇش خاراكتىرى ئارقىلىق باشقا تاۋۇش ئاملىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تاۋۇش ئامىللىرىنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، تاۋۇش ئامىللىرى تۈرلەرگە بولۇنىدۇ. تىلدىكى بارلىق تاۋۇش ئامىللىرىنى، ئالدى بىلەن، سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بولىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى a, ə, o, ø, u, ü, e, i قاتارلىقلار سوزۇق تاۋۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ b, d, t, l, m, y, n, h...... قاتارلىقلار ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش تۆۋەندىكى 3 جەھەتتە پەرقلىنىدۇ:

بىرىنچى، سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئوپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز بوشلۇغىدا توسالغۇغا ئۇچرىماي، ئەركىن چىقىدۇ،

ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇغىدا توسالغۇغا ئۇچراپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك تىللىرىدىكى a, o سوزۇق تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكەدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن چىقىدۇ، b, p, m ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى قوش لەۋنىڭ بىر بىرىگە تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچراپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى، سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىردەك جىددىيلىكتە بولىدۇ، ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش ئەزالىرىنىڭ ھاۋا ئېقىمىنى توسۇۋالغان قىسمى توسالغۇ يىمىرىۋاتقاندا ئالاھىدە جىددىي ھالەتتە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىم ئانچە كۈچلۈك چىقمايدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋ ئېقىمى كۈچلۈكرەك چىقىدۇ. چۈنكى سوزۇق تاۋۇشلار تاۋۇش پەردىسىنى قاتتىق تىترىتىپ چىققاچقا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشى ھاۋا ئېقىمىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەردىسى تىترىمىگەنلىكى ياكى ئانچە قاتتىق تىترىمىگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك مەلۇم توسالغۇنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن، ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈك چىقىدۇ.

## 3. سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى

1) سوزۇق تاۋۇشلارنى تۈرگە ئايرىغاندا، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ۋە تىلنىڭ قاتتىق تاڭلايغا يېقىنلىشىش-يېقىنلاشماسلىقى،

تىلنىڭ ئۆزىرىپ-قىسقىرىش دەرىجىسى ياكى تىل ئورنىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇشى، لەۋنىڭ دوگىلەك بولۇشى ياكى ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ تۇرۇشى ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بىرىنچىدىن، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىلنىڭ قاتتىق تاڭلايغا يېقىنلىشىش دەرىجىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى a تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئېغىز تازا كەڭ ئېچىلىدۇ، تىلمۇ قاتتىق تاڭلايدىن يىراقلىشىدۇ. i تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئېغىز ئاز-راق ئېچىلىدۇ. تىل قاتتىق تاڭلايغا خېلى يېقىنلىشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ ئۆزىرىپ-قىسقىرىشى ياكى تىل ئۆزىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، a نى ئېيتقاندا تىل ئارقىغا تارتىلىپ قىسقىرىدۇ، i نى ئېيتقاندا تىل ئالدىغا سوزۇلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، لەۋنىڭ ھالىتى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، a-ə-e-i لەر ئېيتىلغاندا لەۋ ئىككى تەرەپكە كېرىلسە، o، u، ө، ü لەرنى ئېيتقاندا لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ، يۇمۇلاقلىشىدۇ. شۇڭا سوزۇق تاۋۇشلارنى مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىش كېرەك.

2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۈرگە ئايرىشتا، ھاۋا ئېقىمىنىڭ قانداق تاۋۇش ئەزالىرى تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئۇ توسالغۇنىڭ قانداق يىمىرىلگەنلىكىنى، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىگەن ياكى تىترىمىگەنلىكىنى، ئېغىزدىن چىققان نەپەسنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز ئىكەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بىرىنچىدىن، ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغان جايلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى

d، t لەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇچىنىڭ يۇقۇرى چىش تۈۋىگە تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرىسا، w، f تاۋۇش-لىرى ئاستىنقى لەۋنىڭ ئۈستۈنكى چىشقا تېگىشى بىلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ئىككىنچىدىن، تاۋۇش پەردىسى بەزىدە تىترىسە، بەزىدە تىترىمەيدۇ. مەسىلەن، d، w نى ئېيتقاندا، تاۋۇش پەردى-سى تىترىسە، t، f نى ئېيتقاندا تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئېغىزدىن چىققان نەپەسنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى m، n، ng، L، r لارنى ئېيتقاندا، نەپەس كۈچسىز چىقسا، قالغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، نەپەس كۈچلۈك چىقىدۇ. شۇڭا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەھلىل قىلغاندا، تاۋۇش ئورنى ۋە ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەت-لىك يۇقۇرقى ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەر بىرى تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىش ئۈچۈن، ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. ھەر بىر ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغان-دا، ئالدى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك تاۋۇش ئەزالىرى ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە توسقۇنلۇق پەيدا بولىدۇ. ئاندىن تاۋۇش ئەزالىرى جىددىيلىشىدۇ، ئاخىردا تاۋۇش ئەزالىرى جىددىيلىكتىن ئۆز ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇڭا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ تەرەپىنى-مۇ نەزەرگە ئېلىش زورۇر، ئەلۋەتتە.

## 3 - بۆلۈم فونېما ۋە فونېما سىستېمىسى

تىلدىكى تاۋۇش ئامىللىرىنىڭ ھەممىسىلا فونېما بولۇۋەرمەيدۇ.

تىلدا ئىپادىلەنگەن تاۋۇشلار خىلمۇ-خىل بولىدۇ. خىلمۇ-خىل تاۋۇشلار ئىچىدە توۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلارلا فونېما بولالايدۇ:

بىرىنچى، فونېما مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان فونېتىك بولەكتۇر. فونېمىلارنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈشى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، سوزدىكى فونېمىلارنىڭ بىرى باشقىچە بولسا، سوز مەنىسىمۇ باشقىچە بولىدۇ (ئۇيغۇر تىلىدىكى bal ، kal ، tal قاتارلىق سوزلەرنىڭ باش فونېمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۇچۇن، بۇ سوزلەر ھەرخىل مەنىلەرنى بىلدۈرمەكتە). سوزدە فونېما سانى ئوخشاش بولمىسا، سوز مەنىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ (ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاچ-چاچ-ئاچا-چاچقان-ئاچقۇچ-ئاچماق، ئات، ئارت، ئارتۇق، ئارپا قاتارلىق سوزلەردىكى فونېما سانى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۇچۇن، بۇ سوزلەر ھەرخىل مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكتە). شۇنىڭدەك سوزدە فونېمىلارنىڭ ئورنى ئوخشاش بولمىسا، سوز مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ (ئۇيغۇر تىلىدىكى tar-art ، xaya-yaxa ، mat-tam دىگەنگە ئوخشاش سوزلەردە فونېما ئوخشاش، لېكىن ئورنى ئوخشىمىغانلىقى ئۇچۇن، سوز مەنىلىرى ئوخشاشمايدۇ).

ئىككىنچى، فونېما ۋارىيانتلار ئىچىدىن ئابستىراكسىيلەشتۇرۇ-ۋېلىنغان ئەڭ كىچىك فونېتىك بولەكتۇر. چۇنكى تىلدا ئىپادىلەنگەن بىر خىل ۋارىيانتلار ئىچىدىكى سوز مەنىسىنى ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، بولەككە بولگىلى بولمايدىغان تاۋۇش ئاسلى فونېما بولالايدۇ.

ئۇچىنچى، فونېما ئومۇمەن مەلۇم تىلغا خاس بولىدۇ. چۇنكى ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى فونېمىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنە پەرقلەن-

دۇرۇشتىكى رولى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا تىللاردا فونېمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاۋۇشلارنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدۇ. مەلۇم بىر تىلدا بار بولغان فونېما يەنە بىر تىلدا بولمايدۇ. مەلۇم تاۋۇش ئۇ تىلدا مەنە پەرقلەندۇرۇش رولىغا ئىگە بولسا، بۇ تىلدا مەنە پەرقلەندۇرۇش رولىغا ئىگە بولالمايدۇ.

دېمەك، مەلۇم تىلدىكى مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئەڭ كىچىك فونېتىك بولەك (تاۋۇش) فونېما دېيىلىدۇ.

ھەر بىر فونېمىنىڭ ئاغزاكى نۇتۇقتا ئىپادىلىنىدىغان ۋاريانتلىرى بولىدۇ. ھەرقانداق سوزۇق ياكى ئۈزۈك فونېما ۋاريانتلىرى ئوخشاش بولمىغان تاۋۇش ئامىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. فونېما ۋاريانتى ئەركىن ۋاريانت ۋە شەرتلىك ۋاريانت دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان فونېتىك شارائىتتا ئىپادىلىنىپ، مەنىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاۋۇش ئەركىن ۋاريانت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى zil-yil، ijtimai-iztimai سوزلىرىنىڭ تەلەپپۇزىنى سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ ئوخشاش فونېتىك شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىش ۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

مەلۇم تىلدىكى ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بىر فونېما دائىرىسىدىكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاۋۇش شەرتلىك ۋاريانت دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى (a) (A) (a) (ɑ) قاتارلىق ئۈچ تاۋۇش ئامىلىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس شارائىتتا ئىپادىلىنىدىغان (a) فونېمىسىنىڭ ۋاريانتلىرىدۇر. مەسىلەن:

| تاۋۇش | ئىپادىلىنىش شەرتى | مىسال |
|---|---|---|
| (a) | (i)، (n) نىڭ ئالدىدا كەلسە | 搬 (ban)، 来 (lai) |

(ۋ) ئايرىم ياكى بوغۇمدا كەلسە (nʌ) 拿 ،(a) 阿

(a) (o)، (ng) نىڭ ئالدىدا كەلسە (fang) 放، (gao) 高

تىلدىكى ھەر بىر فونېمىنىڭ باشقا فونېمىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىك دېيىلىدۇ. چۈنكى ئوخشاش بولمىغان فونېمىلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئارقىلىق مەنىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىر فونېمىنىڭ ۋارىيانتلىرىمۇ ئۆزى تەۋە بولغان فونېمىنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. مەلۇم تىلدىكى مەلۇم فونېمىنىڭ قانداق پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ شۇ تىلدىكى باشقا فونېما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلمايدۇ. فونېما بىلەن ۋارىيانتنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا ئومۇملىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ئومۇملىق ئايرىملىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ شۇ ئايرىملىق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مەلۇم تىلنىڭ فونېتىكىسىنى ئۆگەنگەندە، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ فونېمىلىرىنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىگەندىن سىرت، ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شارائىتىنى ئىگىلەشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، ئەلۋەتتە.

تىلدىكى فونېمىلار يەككە-يىگانە مەۋجۇت بولالمايدۇ، بەلكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىچىدىكى بىر سىستېمىنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. ھەرقايسى تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس فونېما سىستېمىسى بولىدۇ، فونېما سىستېمىسى، بىرىنچىدىن بارلىق فونېما خاراكتېرلىق تاۋۇشلار، ئىككىنچىدىن، ھەر بىر فونېمىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋارىيانتى، ئۈچىنچىدىن، فونېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشى مۇناسىۋەت، تۆتىنچىدىن، فونېما بىلەن فونېما ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق قائىدە...... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ. شۇڭا مەلۇم تىلنىڭ فونېما سىستېمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ بارلىق فونېمىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى، فونېمىلار ئوتتۇ-رىسىدىكى قارىمۇ-قارشى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە فونېمىلار ئارا ئورتاق قانۇنىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا تەتقىق قىلىش لازىم.

ھەرقايسى تىلنىڭ فونېما سىستېمىسى ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى فونېما سىستېمىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى تىل تەرەققى-ياتىغا ئەگىشىپ، شۇ تىلنىڭ فونېما سىستېمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. فونېما سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىش فونېمىلارنىڭ قوشۇلۇشى، فونېمىلارنىڭ بولۇنۇشى، فونېما مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تىلدىكى فونېما سىستېمىسىنىڭ ئۆز-گىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئومۇمەن، فونېما توغرىسىدىكى بىلىم فونېماشۇناسلىق دېيىلىدۇ. فونېمىشۇناسلىق فونېتىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ فونېما سىستېمى-سىنى يەنى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سۆز ۋە گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈش رولى، تاۋۇشلارنىڭ كونكرېت تەلەپپۇزى، فونېما ۋە ۋارىيانتلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا فونېمىشۇناسلىق يېزىق يارىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش، دىيالېكتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ناھايىتى مۇھىم نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4-بولۇم تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

ھەرقايسى تىللاردىكى تاۋۇشلار شۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە بىرىكىپ بىر بىرىگە ئۇلانغان ھالدا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا نۇتۇق ئېقىمىدا تىل تاۋۇشلىرى بىر بىرىگە تەسىر قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىغى ياكى سوزنىڭ ئىتتىك-ئاستىلىغىنىڭ، ئېگىز-پەسلىگىنىڭ، كۈچلۈك-كۈچسىزلىگىنىڭ ئوخشاشماسلىغى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردە بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي جەرياندىكى ئۆزگىرىشلەر تارىخىي ئۆزگىرىش دېيىلىدۇ. بۇ بولۇمدە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ھەققىدە توختالمايمىز، نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھەققىدە توختىلىمىز. دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللاردا كوپ ئۇچرايدىغان نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1. ئاسسىمىلاتسىيە

بۇ لاتىنچە سوز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا "ئوخشىتىۋېلىش" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. سوزلەردە بىر بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشمايدىغان ياكى قىسمەن ئوخشمايدىغان تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆزىگە تامامەن ياكى قىسمەن ئوخشىتىۋېلىشى ئاسسىملاتسىيە دېيىلىدۇ.

بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇشنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىتىۋېلىشى

تولۇق ئاسسىمىلاتسىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ن" تاۋۇشى بىلەن "م" تاۋۇشى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئۇتۇق ئېقىمدا "سەن" دىگەن سوزگە "مۇ" ئۇلانسا. ئۇلانمىدىكى "م" نىڭ سوزدىكى "ن" نى ئوزىگە ئوخشىتىۋېلىشى نەتىجىسىدە بۇ سوز "سەممۇ" دەپ ئېيتىلىدۇ. "سامانلىق"، "مەنمۇ" سوزلىرىدىكى "ن" تاۋۇشىنىڭ جانلىق تىلدا ئۇتتىك ئېيتقاندا "ساماللىق"، "مەممۇ" بولۇپ ئېيتىلىشىمۇ تولۇق ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇشنى ئوزىگە قىسمەن ئوخشىتىۋېلىشى قىسمەن ئاسسىمىلاتسىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئون" سوزىگە "بەش" سوزىنى ئۇلىغاندا، جانلىق تىلدا "ئومبەش" دەپ ئېيتىلىدۇ. دېمەك، "ب" تاۋۇشى ئوزىگە ئوخشىمايدىغان "ن" تاۋۇشىنى ئوزىگە قىسمەن ئوخشايدىغان (ئوزىدەك قوش لەۋ تاۋۇشى بولغان) "م"غا ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ قىسمەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئالدىنقى تاۋۇشنىڭ كېيىنكى تاۋۇشنى ئوزىگە ئوخشىتىۋېلىشى ئالدى ئاسسىمىلاتسىيە ياكى ئالدى تەسىرات دېيىلىدۇ.

ئەگەر كېيىنكى تاۋۇش ئالدىدىكى تاۋۇشنى ئوزىگە ئوخشىتىۋالسا، بۇ ئەكسى (كەينى) ئاسسىمىلاتسىيە ياكى ئەكس تەسىرات دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كورۇپ باق" دىگەن سوزنىڭ جانلىق تىلدا "كورۇپپاق" بولۇپ ئېيتىلىشى ئالدى ئاسسىمىلاتسىيە بولسا، "ئون بىر"نىڭ "ئومبىر" بولۇپ ئېيتىلىشى ئەكسى (كەينى) ئاسسىمىلاتسىيە بولىدۇ.

تۈركى تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ

بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە بىر بىرىگە ئوخشاش بولۇپ كېلىشى (تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى) ئاسسىمىلاتسىيىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى بەزىدە سوزدىكى تاۋۇش قوشۇمچىدىكى تاۋۇشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، بەزىدە قوشۇمچىدىكى تاۋۇش سوزدىكى تاۋۇشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2. دىسسىمىلاتسىيە

بۇمۇ لاتىنچە سوز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا "ياتلاشتۇرۇش" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. بىر بىرىگە ئوخشاش بولغان تاۋۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باشقا تاۋۇشقا ئۆزگىرىپ كېتىشى دىسسىمىلاتسىيە دىيىلىدۇ. سوز تەركىۋىدە ئوخشاش ئىككى تاۋۇش بىللە كەلگەندە چىقىشالماي، بىر بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرى باشقا تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ياغاچچى" دىگەن سوزدە ئىككى "چ" قاتار كەلگەنلىگى ئۈچۈن، ئىككىسى چىقىشالماي، جانلىق تىلدا "ياغاشچى" بولۇپ ئېيتىلىپ، ئۇنىڭدىكى بىر "چ" "ش" غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## 3. تاۋۇشنىڭ كوپىيىشى

(فونېتىكىشۇناسلىقتا گرېكچە Protez دىيىلىدۇ).

سوزلەرنىڭ بېشىدا بىرەر تاۋۇشنىڭ كوپىيىپ قېلىشى تاۋۇشنىڭ كوپىيىشى دىيىلىدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلىدىكى "ستاكان"، "ستول" سوزلىرىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغاندا، بېشىغا بىر سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ "ئىستاكان"، "ئۇستەل" دەپ قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا

"ستول"دىكى "ول"نى "ەل"گە ئۆزگەرتكەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر بۇرۇن "ئارابا"، "ئاراق" دەپ ئېيتىلغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئۈزۈك تاۋۇش كۆپىيىپ "هارۋا"، "هاراق" دېيىلىدىغان بولغان.

## 4. تاۋۇش قوشۇش

(فونېتىكىشۇناسلىقتا گرېكچە epentez دېيىلىدۇ).

جانلىق تىلدا ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ياكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى تاۋۇش قوشۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كادر"، "خەلق"، "شەرق" سۆزلىرى ئېيتىلغاندا جانلىق تىلدا "كادىر"، "خەلىق"، "شەرىق" دەپ ئېيتىلىپ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بىر سوزۇق (i) تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالسا، "ئىملا"، "گۇنا"، "بىنا" سۆزلىرىگە 1-، 2-شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشقان ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈزۈك "ي ياكى ر" تاۋۇشى قوشۇلۇپ، "ئىملايىم"، "گۇنايىڭ"، "بىنارىم" بولۇپ ئېيتىلىدۇ.

## 5. ئورۇن ئالماشتۇرۇش

(فونېتىكىشۇناسلىقتا گرېكچە metatez دېيىلىدۇ).

سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى ئورۇن ئالماشتۇرۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "قولقاپ" سۆزى ئۆزبەك تىلىدا تاۋۇش ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ "قولپاق" دەپ ئېيتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇيغۇر"، "ئايلىنىش" سۆزلىرى جانلىق تىلدا ياكى بەزى شېۋىلەردە "ئۇرغۇي"، "ئاينىلىش" دەپ ئېيتىلىپ، "ي"

بىلەن "ر"نىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## 6. چۈشۈپ قېلىش

(فونېتىكىشۇناسلىقتا گرېكچە deriz دېيىلىدۇ).

سۆزلىگەندە سۆزلەردىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئالغان" "كورگەن" دېگەن سۆزلەر ئېيتىلغاندا، جانلىق تىلدا بۇ سۆزلەردىكى "ل"، "ر" تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قېلىپ "ئاغان"، "كوگەن" بولۇپ ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭدەك "ئېلىپ كەتتى"، "ئېلىپ چىقىپ كەتتى" دېگەن سۆزلەر ئېيتىلغاندا، بىرنەچچە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىپ، "ئەكەتتى"، "ئەچىكەتتى" بولۇپ ئېيتىلىدۇ. بۇلار تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## 7. ئاجىزلىشىش

كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلارنىڭ كۈچسىز تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلارغا ئايلىنىشى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېيىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كوپ ئۇچرايدىغان ھادىسە بولۇپ، ئەمىلىيەتتە سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندىكى تاۋۇش ئەزالىرى ھەر-كىتىنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان فونېتىك ئوزگىرىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئال-ئېلىپ"، "كەت-كېتىپ"، "بالا-بالىسى"، "ئاكا-ئاكىسى"، "تەنتەنە-تەنتەنىسى" دېگەن سۆزلەردىكى "ئا-ئە" تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ "ې-ى" تاۋۇشلىرىغا ئايلانغان.

ئومۇمەن، تىللاردىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۇقۇرقى 7 جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ھەرقايسى تىللاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## 5- بولۇم بوغۇم ۋە ئۇرغۇ

### 1. بوغۇم

سوزلەرنى تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا ئوپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى بەزىدە كۈچلۈك، بەزىدە كۈچسىز بولىدۇ. نەتىجىدە، تاۋۇشلارنىڭ ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقىشى پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇنداق تەبىي ھالدا ئۈزۈلۈپ ئېيتىلغان تاۋۇش ياكى تاۋۇش توپى بوغۇم دېيىلىدۇ. بوغۇم تەبىي ھالدىكى بىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر سوزدە قانچە بوغۇم بارلىقى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىن ئايرىلىدىغانلىقى شۇ سوزنىڭ تەلەپپۇزىدا روشەنلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇرۇمچى" "بارىمەن"، "قورۇلۇش" سوزلىرىنى "ئۇر-ۇم-چى"، "بار-ى-مەن"، "قور-ۇل-ۇش" شەكلىدە ئەمەس، بەلكى "ئۇ-رۇم-چى"، "با-رى-مەن"، "قو-رۇ-لۇش" شەكلىدە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتىمىز. نەتىجىدە بۇ سوزلەردە 3 تىن بوغۇم بارلىقىنى بىلىمىز.

بوغۇمنىڭ باش-ئاياق چېگرىسى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى بولىدۇ. بوغۇمنىڭ كۈچلۈك ياكى ئېگىز ئېيتىلغان نۇقتىسى بوغۇمنىڭ مەركىزى بولسا، كۈچسىز، پەس ئېيتىلغان نۇقتىسى شۇ بوغۇمنىڭ باشقا بوغۇمدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان چېگرىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھەرقايسى تىللاردا تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم يارىتىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇش بوغۇم يارىتالمايدۇ، سوزۇق تاۋۇشلارلا بوغۇم يارى-

تالايدۇ. شۇڭا تۈركى تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم بولمايدۇ. بەزى تىللاردا بىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولسا، بەزى تىللاردا بىر بوغۇمدا ئىككى ياكى ئۈچ سوزۇق تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۈركى تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ھەر بىر بوغۇمدا بىردىن سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. ("ئىش-لەپ-چى-قى-رىش" دېگەندەك). خەنزۇ تىلىدىكى بوغۇملاردا ئىككى ياكى ئۈچ سوزۇق تاۋۇش كېلىۋېرىدۇ (guai، mao دېگەندەك). ھەرقايسى تىللارنىڭ بوغۇم شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ، چۈنكى بوغۇم تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەچكە، بەزى تىللاردىكى بوغۇمدا تاۋۇش كۆپ، بەزى تىللاردىكى بوغۇمدا تاۋۇش ئاز بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق بولۇشنى ھەر بىر تىلنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيىتى بەلگىلەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم شەكلى 6 خىل بولۇپ، بىر بوغۇمدا ئەڭ كۆپ دېگەندە 4 تاۋۇش بولىدۇ. مەسىلەن، "ئۇ"، "يا"، "ئات"، "سەن"، "ئېيت"، "قايت" دېگەنگە ئوخشاش.

## 2. ئۇرغۇ

بىرقانچە بوغۇملۇق سۆزلەردە مەلۇم بوغۇم باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا كۈچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتىلغان بوغۇم ئۇرغۇلۇق بوغۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا شۇ سۆزدىكى مەلۇم بوغۇمنىڭ سوزۇق تاۋۇشى كۈچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. ئەنە شۇ كۈچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتىلغان سوزۇق تاۋۇشقا ئۇرغۇ چۈشكەن بولىدۇ. دېمەك، ئۇرغۇ دېگىنىمىز كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى مەلۇم بوغۇم ياكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ

كۆچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتلشدۇر. مەسلەن، ئۇيغۇر تلدكى "ئالم"، "ئالەم" دگەن سوزلەرنڭ برنچى بوغۇمى (ئا سوزۇق تاۋۇشى) كۆچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتلسا، "ئۇكا"، "ئاتا"، "قۇرۇلۇش"، "مەكتەپ" قاتارلق سوزلەرنڭ ئاخرقى بوغۇمى كۆچلۈك ھەم سوزۇپ ئېيتلدۇ. شۇڭا ئەنە شۇ بوغۇم ۋە سوزۇق تاۋۇشلار ئۇرغۇلۇق بولۇپ ھساپلندۇ.

ھەرقايسى تللاردا ئۇرغۇنڭ رولى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى تللاردا ئۇرغۇ ناھايتى مۇھم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇرغۇنڭ قايسى بوغۇمدا چۈشۈشى بلەن سوز مەنسى ئۆزگردۇ. مەسلەن، رۇس تلدكى "zamok" سوزنڭ برنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈلۈپ "zàmok" دەپ ئېيتلسا، قەلئە، ساراي، قورغان دگەن مەننى بەرسە، ئككنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈلۈپ "zamòk" دەپ ئېيتلسا، قۇلۇپ دگەن مەننى بردۇ. شۇنڭدەك "moka" سوزنڭ برنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈلۈپ "mòka" دەپ ئېيتلسا، ئازاپ-ئوقۇبەت دگەن مەننى بلدۈردۇ، ئككنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈلۈپ "mokà" دەپ ئېيتلسا، ئۇن دگەن مەننى بلدۈردۇ. ئۇيغۇر تلدكى بەزى سوزلەرنڭمۇ ئۇرغۇ سەۋۋدن ئوخشاش بولمغان مەنلەرنى بلدۈردغانلقنى بايقايمز. مەسلەن، تلمزدكى "ئاچا"، "ئاپا" سوزلرنڭ برنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ ئېيتساق "ئاچا" سوزى ھەدە دگەن مەننى بلدۈردۇ. "ئاپا" سوزى بر خل قلترنقلق ئاشلق دگەن مەننى بلدۈردۇ. ئەگەر بۇ سوزلەرنڭ ئككنچى بوغۇمغا ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ ئېيتساق، "ئاچا" سوزى ئككى نەرسنڭ ئارلغى "ئاچا تاياق"، "ئاچا يول" دگەن مەنلەرنى بلدۈردۇ، "ئاپا"

سوزى ئانا دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇرغۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى سوز ئۇرغۇسى، يۇقۇرقىلار سوز ئۇرغۇسىدۇر. ئىككىنچى خىلى جۇملە ئۇرغۇسى ياكى لوگىك ئۇرغۇ. جۇملىدىكى مەلۇم سوزنىڭ باشقا سوزلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ئېيتىلىشى جۇملە ئۇرغۇسى ياكى لوگىك ئۇرغۇ دىيىلىدۇ.

لوگىك ئۇرغۇ جۇملىگە تۇرلۇك مەنىۋى تۈس بىرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئوقۇغۇچىلار ئويگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى تۈنۈگۈن ئىشلىدى" دىگەن جۇملىدىكى "تۈنۈگۈن"، "ئىشلىدى" سوزلىرىگە ئايرىم-ئايرىم ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ ئېيتساق، بۇ جۇملە تۇرلۇك مەنىۋى تۈسكە ئىگە بولىدۇ. يەنى "تۈنۈگۈن" سوزىگە ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ ئېيتساق، بۇ جۇملە تاپشۇرۇقنىڭ باشقا ۋاقىتتا ئەمەس، تۈنۈگۈن ئىشلەنگەنلىگى تەكىتلەپ بايان قىلىنىدۇ. "ئىشلىدى" سوزىگە ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ ئېيتساق، بۇ جۇملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ سوراق تەرىقىسىدە ئېيتىلغانلىغى ئىپادىلىنىدۇ.

بەزى تىللاردا سوز ئۇرغۇسىنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولسا، بەزى تىللاردا تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇنىڭ ئورنى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان كوزقاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر تۇراقلىق دىسە، بەزىلەر تۇراقسىز دەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# تونىنچى باپ

# لېكسىكولوگىيە

لېكسىكولوگىيە گرېكچە Lekis (سۆز)، Logos (بىلىم) دېگەن ئىككى سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ھەققىدىكى بىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكسىكولوگىيە سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەھەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاراپ، سېماسولوگىيە، ئېتىمولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق ۋە لۇغەت تەركىبى......قاتارلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## I-بۆلۈم لۇغەت تەركىبى

بىر تىلدا قوللىنىلىدىغان بارلىق سۆزنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى دېيىلىدۇ. ئۇ تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېساپلىنىدۇ. بىر تىلدا نەچچە ئون مىڭلىغان سۆز بولىدۇ. ئەنە شۇ سۆزلەر يىغىلىپ شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا سۆز بىلەن لۇغەت تەركىبىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سۆز شەيئى، ھادىسە، ئىش-ھەركەت، سۈپەت-خۇسۇسىيەت، سان جەھەتتىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى-

دۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، سوز دىگىنىمىز مەلۇم ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان، ئوتتۇقتا ئەركىن قوللىنىلىدىغان تاۋۇشلار بىرىكمىسىدۇر.

ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر سىستىمىدۇر. چۇنكى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق مەنىنى ئىپادىلەش ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر بىلەن بۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر ئوخشاش بولمايدۇ. دىمەك، ھەرقايسى تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ھەرقانداق تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت فوندىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندى شۇ تىلدا سوزلىشىدىغان ئومۇمى خەلققە چۇشىنىشلىك بولۇش، تۇراقلىق بولۇش ۋە ياسىلىشچان بولۇشتەك ئۇچ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي لۇغەت فوندىغا دائىر سوزلەر شۇ تىلدا سوزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ قانداق دىيالىكت ۋە شىۋىلەردە سوزلىشىدىن، قايسى سىنىپقا ۋە قايسى قاتلامغا تەۋە بولۇشىدىن ھەمدە قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىگە چۇشىنىشلىك بولىدۇ. ئالاقىدا دائىم قوللىنىلىدۇ.

ئاساسىي لۇغەت فوندىغا دائىر سوزلەر تىلدا ناھايىتى ئۇزاق قوللىنىلىدۇ. ئوزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. چۇنكى بۇ خىل سوزلەر ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەيئى، ھادىسە، خۇسۇسىيەت ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى

ئىنكاسىدۇر. يەنى بۇ خىل شەيئى، ھادىسە، خۇسۇسىيەت ۋە ئىش-ھەركەت ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەرمۇ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا شۇ مىللەت تىلىدا داۋاملىق قوللىنىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنى تەكىتلەش زورۇركى، ئاساسىي لۇغەت فوندى پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ دىگىلى بولمايدۇ. چۇنكى جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم سوزلەر ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىپ تۇرسا، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سوزلەر ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن چىقىپ كېتىدۇ ياكى ئالاقە ئېھتىياجىدىن قالىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندىغا دائىر سوزلەر يېڭى-يېڭى سوزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئاش" سوزىدىن "ئاشپەز"، "ئاشخانا، "ئاشلىق"، "ئاشلا"، "ئاشقازان"، "ئاش كوكى" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر ياسالغان، "ئىش" سوزىدىن "ئىشچى"، "ئىشخانا"، "ئىشلە"، "ئىشلەمچى" "ئىشسىز"، "ئىشچان"، "ئىش قىلىپ" "ئىشلەپچىقىرىش" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر ياسالغان.

مەيلى تەرەققى قىلغان تىل بولسۇن، مەيلى تەرەققى قىلمىغان تىل بولسۇن، مەيلى باي تىل بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل تىل بولسۇن، ئۇ ئۆزىگە خاس ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۇنكى ئاتا، بالا، ئانا، باش، ئىش، تاش، قاش. قول، پۇت، يەر، سۇ، ئاش، دىخان، ياخشى، يامان، ئوي، ئائىلە، مەن، سەن، ئايال، ئەر، ئادەم، بەش، توت يۇز.....دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر ھەرقانداق تىلدا بولىدۇ.

دىمەك، ستالىن ئېيتقاندەك "تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى مۇھىم

نەرسە ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇنىڭ مېغىزى بولغان ھەممە تۈپ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندى تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە قارىغاندا خېلىلا ئاز بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزاق بولىدۇ. ئۇ ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاپ تۇرىدۇ ھەمدە يېڭى سۆزلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئاساس بولۇپ بېرىدۇ”. (ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 - بەت).

ئادەتتىكى لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان سۆزلەر ئومۇمىي خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتمەيدىغان، ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدىغان، ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت فوندىغا يېڭىدىن ياسالغان سۆزلەر، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى سۆزلەر، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، دىيالېكت - شېۋىلەرگە خاس سۆزلەر، كەسپىي سۆزلەر، كونىرىغان قەدىمىي سۆزلەر كىرىدۇ.

ئومۇمەن، بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى شۇ تىلنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى (باي ياكى باي ئەمەسلىگىنى) ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلدا سۆز قانچە كۆپ بولسا، پىكىر - مەقسەتنى شۇنچە ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەگەر سۆز ئاز بولسا، پىكىر - مەقسەتنى تولۇق، ياخشى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەلۇم تىلنى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەر بىلەن پۇختا ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىگەللىگەن سۆز بايلىغى ئوخشاش بولمىغانلىغى ئۈچۈن، پىكىر - مەقسەتنى ئىپادىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

تىل كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە باغلانغانلىغى ئۈچۈن، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ

تۇرىدۇ. جەمىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى، پەن-مەدىنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن يېڭى-يېڭى سۆز-لەر بارلىققا كېلىپ، لۇغەت تەركىۋىنى داۋاملىق بېيىتىپ بارىدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولغان تىل يېڭى سۆز-ئىبارىلەر بىلەن بېيىپ تۇرمىسا، جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى-يېڭى ئۆزگە-رىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇملارنى ئىپادىيەلمەي قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

لۇغەت تەركىۋىگە يېڭىدىن كىرگەن سۆزلەر كونىراپ ئېھتىياج-دىن قالغان سۆزلەرگە قارىغاندا ھامان كۆپ بولىدۇ. چۈنكى تەرەق-قىياتقا ئەگىشىپ، يېڭى سۆزلەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ لۇغەت تەركىۋى-گە كىرىپ تۇرسا، بەزى سۆزلەر جەمىيەت تەرەققىياتىدا ئاستا-ئاستا ئېھتىياجدىن قېلىپ، ئاۋال پاسسىپ سۆزلەر قاتارىغا ئۆتۈپ، ئاندىن لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ كېتىدۇ. كونىرىغان سۆزلەر يېزىقى يوق تىللاردا ئاستا-ئاستا يوقىلىپ كەتسە، يېزىقى بار تىللاردا ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مەلۇم تارىخىي ۋەقە ئۈستىدە گەپ بولغاندا بۇنداق سۆزلەرنى يەنە قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

كونىرىغان سۆزلەر تارىخىي ۋە قەدىمقى كونىرىغان سۆز دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولىدۇ. تۇرمۇشتا يوقىلىپ كەتكەن نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كونا تارىخىي سۆزلەر دېيىلىدۇ. ھازىر باشقا سۆز بىلەن بىلدۈرۈلگەن تۇرمۇشتا يوقالمىغان نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى دەسلەپ بىلدۈرگەن سۆزلەر كونىرىغان قەدىمىي سۆز دېيىلىدۇ.

لۇغەت تەركىۋى تۈرلۈك يوللار بىلەن بېيىيدۇ. ئۆز تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن (ھازىرقى ۋە قەدىمقى تىل ماتېرىياللىرىدىن، شۇ تىل-

نىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدىكى تىل ماتېرىياللىرىدىن) پايدىلىنىپ
يېڭى سۆزلەرنى يارىتىش تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىشنىڭ
ئەڭ مۇھىم يولى. شۇڭا جەمىيەت تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن
يېڭى شەيئىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆز تىلىدىكى
ماتېرىياللارغا يولىنىپ يېڭى سۆز ياساش بىلەن ئىپادىلەشكە
تىرىشىش كېرەك. يېڭى سۆز يارىتىشتا ئۆز تىلىنىڭ ماتېرىياللىرىغا
سەل قاراش لۇغەت تەركىۋىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى
زور زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۆز تىلىدىكى
كونىرىغان سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىپ لۇغەت تەركىۋىنى
بېيىتىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. باشقا تىللاردىن
سۆز قوبۇل قىلىش لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم
يولىدۇر. دۇنيادا باشقا تىللاردىن پەقەت سۆز قوبۇل قىلمىغان
بىرەرمۇ تىلنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر قايسى مىللەتلەر
مەدەنىيەت، سىياسى، ئىقتىسات، سودا-سانائەت، پەن-تېخنىكا
ۋە باشقا جەھەتلەردە دائىم ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ، ئۆزئارا
پىكىرلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار تىل جەھەتتە
بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئازدۇر-كۆپتۇر سۆز قوبۇل قىلىشىدۇ.
مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ-پارس تىلىدىن، خەنزۇ تىلىدىن،
قېرىنداش تىللاردىن ۋە باشقا خەلقارا تىللاردىن تۈرلۈك يوللار
بىلەن نۇرغۇن سۆزلەر كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكىگە ئوخشاش. باشقا
تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر قوبۇل قىلغان تىلنىڭ گىراماتى-
تىكىلىق قائىدىلىرىگە بويسۇنىدۇ. شۇڭا ئۇ شۇ تىلغا ئۆزلىشىپ،
خەلققە ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، شۇ تىلنىڭ ئۆز ماتېرىيالىغا
ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى باشقا تىلنىڭ سۆزى دېگىلى

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىشتا، ئۇ سوز-نىڭ زورۇرىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئەگەر ئۇ سوز يېڭى بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان، ئوز تىلىدىكى ماتېرىيال بىلەن ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان سوز بولسا، ئۇنداق سوزلەرنى، ئەلۋەتتە، قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ چۈشەنچىنى ئوز تىلىدا ئىپادىلەيدىغان سوز بار تۇرۇقلۇق، باشقا تىلدىن سوز قوبۇل قىلىنسا، بۇ تىل تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس. چۈنكى بۇنداق سوزلەر تىلنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ئىملانىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇن بولىدۇ. تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا ۋە ئەدىبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## 2 - بولۇم سېماسولوگىيە

سېماسولوگىيە گرېكچە semasia (بەلگىلەش، مەنە، چۈشەنچە) دىگەن سوز بىلەن Logos (بىلىم) دىگەن سوزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، سوز - ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ۋە مەنىلىرىنىڭ ئوزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇگىتىدۇ.

سوز تاۋۇش بىلەن مەنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنە سوزنىڭ مەزمۇنى بولسا، تاۋۇش سوزنىڭ فونېتىك شەكلىدۇر. سوز ھەم لېكسىكىلىق، ھەم گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سېماسولوگىيە سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. سوزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىنى بولسا گىراماتىكا تەتقىق قىلىدۇ.

سوزلەرنىڭ مەلۇم فونېتىك شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان

مەزمۇن، يەنى دۇنيادىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە يىغىنچاق ئەكس ئەتكەن چۈشەنچە سۆز مەنىسى دېيىلىدۇ.

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا قاراپ ئۆزگەرمەيدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە سىنىپىي كۈرەش پائالىيەتلىرى ئارقىلىقلا، بۇ خىل ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەدرىجى ھالدا تونۇيدۇ ھەمدە بەلگىلىك فونېتىك شەكىل ئارقىلىق بۇ خىل تونۇشىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ، نەتىجىدە سۆز مەنىسى شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار "دەپتەر" نىڭ خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان، تۈپلەنگەن سىزىقلىق ياكى سىزىقسىز قەغەزلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى، "ئادەم"نىڭ سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ ئىشلىتەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تونۇپ، ئۇنى "دەپتەر"، "ئادەم" دېگەن تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى "دەپتەر"، "ئادەم" دېگەن ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى شەكىللەنگەن. دېمەك، دۇنيادىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، ئالاھىدىلىگى (خۇسۇسىيىتى)نىڭ سۆز مەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە، ھادىسىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، خۇسۇسىيەتلىرىگە بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تونۇشى ئۆزگەرسە،

شۇ ئاساستا سوز مەنىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، بۇرۇن ئۇيغۇرلار "يەر شارى"نى ئالاھىدە يارىتىلغان بىر كوك ئۆكۈز ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كوتىرىپ تۇرىدىغان ياپىلاق شەكىلدىكى بىر نەرسە دەپ قارىغان بولسا، ھازىر پەننىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگە-شىپ، قۇياش سىستېمىسىدا قۇياشنى ئايلىنىپ تۇرىدىغان، يۇمىلاق شەكىللىك بىر پىلانېتا دەپ قارايدىغان بولدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى "يەر شارى" دىگەن سوزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

دىمەك، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سوز مەنىسىنى شەكىللەندۈرىدى-غان ئاساس، سوز مەنىسى بولسا ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ كىشىلەر مىڭىسىدە تونۇلۇشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، سوز مەنىسىنىڭ ئوبيېك-تىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئادەتتىكىدەك ئەكس ئېتىشى بولماستىن، بەلكى بىر خىل شەيئىنىڭ يىغىنچاقلانغان، ئابستىراكتلاشقان ئەكس ئېتىشى-دۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئادەم"، مەھلى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، ئىشچى-دىخان، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، چەتئەللىك ياكى جۇڭگو-لۇق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ھەممىسىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشچى، قىزىل، كوك، ماڭ، تۇر، خوشاللىق......قاتارلىق سوزلەرمۇ خۇددى ئەنە شۇنداق بىر خىل شەيئىنىڭ، خۇسۇسىيەتنىڭ ياكى ھەركەتنىڭ يىغىنچاق، ئابستىراكتلاشقان ئەكس ئېتىلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يىغىنچاقلىق (ئومۇملىق) سوز مەنىسىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىگى.

ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ كىشىلەر تەپەككۇرىدە يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى سوز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن بۇنداق ئەكس ئېتىش سوزنىڭ فونېتىك شەكلى بىلەن قانداق ماسلىشىشى ۋە سوز مەنىسىگە ئايلىنىشى ھەرقايسى تىلنىڭ

ئالاھىدە لۇغەت سىستېمىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە باغلىق. چۈنكى لۇغەت سىستېمىسى مەلۇم سۆز مەنىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىنى يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى چەكلەيدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بىر شەيئى ئوخشاش بولمىغان تىلنىڭ لۇغەت سىستېمىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ سۆز مەنىسىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى.

سۆزلەرنىڭ مانا ئىپادىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى تىلدىكى بىرقانچە سۆز بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى بىر بىرىگە يېقىن مەنە بولغانلارنى ئىپادىلىسە، بىر سۆز بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بەزى سۆزلەر بىر بىرىگە زىت مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى سۆزلەر بىرلا مەنىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزى سۆزلەر بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ھەرقايسى تىلدىكى سۆزلەر ئەنە شۇنداق مەنە ئالاھىدىلىكلەرگە (سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە) ئاساسەن، مەنداش سۆزلەر، ئاھاڭداش سۆزلەر، زىت مەنىلىك سۆزلەر (سىنونىم، ئومونىم، ئانتونىم)، بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. مەنداش سۆزلەر (سىنونىملار)

ھەرقايسى تىللاردا مەنىسى بىر بىرىگە يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بولىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ تاۋۇش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر" دېگەنلەر مەنداش؛ "كۆپ، تولا، نۇرغۇن، جىق، ئاۋۇن" دېگەنلەرمۇ مەنداش.

مەنىداش سوزلەر بىر بىرىگە يېقىن دىگەندە شۇ سوزلەرنىڭ ئايرىم تۇرغان ۋاقىتتىكى مەنىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن ئۇ سوزلەر كونكرىت تىل شارائىتىدا پەرقلىق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئارام" سوزى بىلەن "ھاردۇق" سوزى، "رەڭگى" دىگەن سوز بىلەن "چىراي" دىگەن سوز، "ئادەم" بىلەن "كىشى"، "ۋاپات بولۇش" بىلەن "ئولۇش" سوزى مەنىداش سوزلەردۇر. "كوڭۇلنىڭ ئارامى يوق" دىگەننىڭ ئورنىغا "كوڭۇلنىڭ ھاردۇغى يوق" دىگىلى بولمىغاندەك، "ھاردۇق يەتتى" دىگەننىڭ ئورنىغا "ئارام يەتتى" دىگىلى بولمايدۇ. "ئوچۇق چىراي" دىگەننىڭ ئورنىغا "ئوچۇق رەڭ" دىگىلى بولمايدۇ. "ئادەم بولۇپ قالدى" دىگەننىڭ ئورنىغا "كىشى بولۇپ قالدى" دىگىلى بولمايدۇ. "ئولۇش" سوزى ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارغا ئوخشاشلا قوللىنىلسا "ۋاپات بولۇش" پەقەت ئادەمگىلا قوللىنىلىدۇ.

ھەرقايسى تىللاردىكى مەنىداش سوزلەر، ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بىلەن بارلىققا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئىنسانلار ئوزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ئارقىلىق يېڭى-يېڭى سوزلەرنى يارىتىدۇ. بۇنداق سوزلەرنىڭ مەنىسى ئەسلىدە بار سوزلەرنىڭ مەنىسىگە يېقىن بولۇشى ياكى ئوخشاپراق قېلىشى بىلەن مەنىداش سوزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "يۇر-ماك، ئەتىياز-باھار، كوكلەم، ئاتا-دادا، لاۋزا-تېتىقسىز-تەمسىز، جىق-نۇرغۇن-كوپ-تولا، ئوزگىچە-باشقىچە-بولەكچە" قاتارلىق مەنىداش سوزلەر ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن.

ئىككىنچى مەنىداش سوزلەر ئەدەبىي تىلدا ئەسلى بار بولغان

سوز بىلەن دىيالېكت-شىۋە سوزلىرىنى پەرقلىق قوللىنىش نەتىجە-سىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ياخشى-ئوبدان-بەلەن، ئاچا-ھەدە-ئايلا، ئانا-ئاپا، مۇرە-يەلكە-ئوشنە-زىمە"...... قاتارلىق مەنىداش سوزلەر ئەنە شۇنداق بارلىققا كەل-گەن.

ئۇچىنچى، مەنىداش سوزلەر بىرەر مىللەتنىڭ ئوز تىلىدىكى سوز بىلەن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن يېقىن بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كىشى" سوزى بىلەن ئەرەپچىدىن كىرگەن "ئادەم-ئىنسان" سوزى، "ئېنىق-ئوچۇق" بىلەن پارسچىدىن كىرگەن "روشەن" سوزى، "چاقچاق" بىلەن خەنزۇچىدىن كىرگەن "شاڭخو" سوزى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن.

تىلدا مەنىداش سوزلەرنىڭ كوپ بولۇشى ناھايىتى ياخشى ئەھ-ۋال. چۈنكى مەنىداش سوزلەر تىلدا قانچە كوپ بولسا، ئوي-پىكىرنى شۇنچە ياخشى ۋە راۋان ھەم چوڭقۇر ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك مەنىداش سوزلەردىن ئىستىلىستىك ۋاستە سۈپىتىدە توغرا پايدىلىنىلسا، سوزلەنگەن سوز ۋە يازغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، تەسۋىرلىك بولۇشى كۈچەيتىلىدۇ. چۈنكى مەنىداش سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش زورۇركى، ھەرقانداق تىلدا پەرقلىق قوللىنىل-مايدىغان، مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان سوزلەرنىڭ بولۇشى پايدىسىز. بۇنداق سوزلەر تىلغا بىرخىل يۈك بولۇپ قالىدۇ. يېزىقتا ئىملانى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.

## 2. زىت مەنىلىك سوزلەر (ئانتونىملار)

ھەرقانداق تىلدا بىر بىرىگە زىت مەنىلىك سوزلەر بولىدۇ. بۇنداق سوزلەر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق سوزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر بىرىگە زىت بولۇپ، بىرىنى ئېيتىش بىلەن ئىككىنچىسى دەرھال ئەسكە چۈشىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ياخشى-يامان، راست-يالغان، ئىسسىق-سوغاق، دوست-دۈشمەن، چوڭ-كىچىك، ئاق-قارا، كوپ-ئاز، ھايات-ماماتى، كىرىش-چىقىش" قاتارلىق سوزلەر ئەنە شۇنداق زىت مەنىلىك سوزلەردۇر.

زىت مەنىلىك سوزلەر يالغۇز ئىككى سوز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەزىدە بىر مەنىداش سوزلەر توپىغا يەنە بىر مەنىداش سوزلەر توپى زىت مەنىلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى "چىرايلىق، كوركەم، گۈزەل" قاتارلىق مەنىداش سوزلەر توپىغا "سەت، كورۇمسىز" دىگەن سوزلەرنىڭ زىت مەنىلىك بولغانلىقىغا ئوخشاش.

تىلدىكى ھەرقانداق سوز زىت مەنىلىك بولۇۋەرمەيدۇ. زىت مەنىلىك سوز بولۇش ئۈچۈن، قارىمۇ-قارشى شەيئى ۋە قارىمۇ-قارشى ھەركەت شۇنىڭدەك قارىمۇ-قارشى بەلگە (خۇسۇسىيەت) بولۇشى كېرەك.

زىت مەنىلىك سوزلەر ئوتتۇرىدىكى شەيئىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەشتە ئېنىق نىسبەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنداق سوزلەر مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئوي-پىكىرنى ۋە ھېس-تۇيغۇنى

جانلىق تەسىرلىك، روشەن ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىز زىت مەنىلىك سوزلەردىن پايدىلىنىپ "كوز قورققاق، قول باتۇر. ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز" دىگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ماقالىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 3. ئاھاڭداش سوزلەر (ئومۇنىملار)

ھەرقايسى تىللاردا فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولغان، مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان سوزلەرمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سوزلەر ئىپادىلىگەن مەنىدە ئورتاقلىق بولمايدۇ. يەنى ئۇلار ئىپادىلىگەن شەيئىلەر، ھادىسىلەر، ئىش-ھەركەت ۋە خۇسۇسىيەت ھەققىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئات" سوزى بىر بىرىگە پۇتۇنلەي ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى (مىنىدىغان ئات، مىلتىقنى ئات، بالىغا قويۇلغان ئات) ئىپادىلىسە، "قوش" سوزىمۇ بىر بىرىگە يېقىنلىقى بولمىغان بىرقانچە مەنىلەرنى (ئۇنى بۇنىڭغا قوش، قوش ھەيدە، قوش قوللاپ) ئىپادىلەيدۇ. ئاھاڭداش سوزلەر تووەندىكىدەك سەۋەپلەر بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

(1) بىر قىسىم ئاھاڭداش سوزلەر كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىشى، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلىدە ئوزگىرىش بولماسلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "سال" (ساندۇققا سال، دەريادىكى سال)، "ئاچ" (ئىشىكنى ئاچ، ئاچ قوساق) قاتارلىق ئاھاڭداش سوزلەرنى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن دىيىش مۇمكىن.

(2) ئاھاڭداش سوزلەر دۇنيادىكى سانسىز شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تىلدىكى

چەكلىك تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلەش نەتىجىسىدىمۇ بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ياش" (كۆزدىن ئاققان ياش، ياش بالا) "ئۈچ" (قەلەمنىڭ ئۈچى، ئايروپىلان ئۈچتى)......دىگەنگە ئوخشاش ئاھاڭداش سۆزلەر ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن.

(3) ئاھاڭداش سۆزلەر ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى بىلەنمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئېيت" (پاكىز ئېيت: كېپىڭنى ئېيت) سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئايت، ئارت" (ماڭا ئايت، پاكىز ئارت) شەكلىدە قوللىنىلغان بولسا، كېيىن بۇ سۆزلەر تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇپ ئاھاڭداش سۆزگە ئايلانغان. شۇنىڭدەك "قارا" (قارا رەڭ، ماڭا قارا) سۆزىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "قارا، قارالا" شەكلىدە ئىدى. كېيىن بۇ سۆزلەر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئاھاڭداش بولۇپ قالغان. ھازىرمۇ قەشقەر شىۋىسىدە "قايلا" دەپ ئېيتىلىشى، خوتەن شىۋىسىدە "قالا" دەپ ئېيتىلىشى، لوپنور دىيالېكتىدا "قارالا" دەپ ئېيتىلىشى، خەلق قوشاقلىرىدا "قارالسام كۆرۈنمەيدۇ، سەمەندىن قوغان" دەپ ئېيتىلىشى بۇ سۆزنىڭ (قارا سۆزنىڭ) ئەسلىدە ئاھاڭداش سۆز ئەمەسلىگىنى، كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ.

(4) ئاھاڭداش سۆزلەر بىرەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن شۇ مىللەتنىڭ تىلىغا باشقا تىلدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشى نەتىجىسىدىمۇ بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "چەك" (سەۋرى-تاقەتنىڭ چېكى بار، بانكىنىڭ چېكى)، "پۇت" (بىر پۇت

ئاشلىق، پۇت ئاغرىغى)، "چوت" (چوتىنى خاتا سوقىقان، ياغاچنى چوت بىلەن چاپىتىم) ئەنە شۇنىداق بارلىقتا كەلىگەن ئاھاڭىداش سوزلەردۇر.

تىلىدا ئاھاڭىداش سوزلەرنىڭ بولۇشى ئالاقىدا قىيىنىچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. چۇنكى ئۇلارنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىغى تىل شارائىتىدا (كونىكرىت جۇمىلىدە) ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئوگزىىدىكى ئوتىقا ئوت كېتىپ قالىمىسۇن، دىگەن جۇملىدىكى "ئوت" سوزىنىڭ ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلغانلىغى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا.

شۇنى تەكىتلەش زورۇركى، تىلدا ئاھاڭداش سوزنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كوپ بولۇپ كېتىشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس. شۇڭا ئاھاڭداش سوزلەرنىڭ كوپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 4. بىر مەنىلىك ۋە كوپ مەنىلىك سوزلەر

ئىنسانلار جەمىيەتتىكى ۋە تەبىەتىتىكى سان-ساناقسىز شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۇچۇن بىردىن سوز ياساپ ئولتۇرمايدۇ. خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئىخچاملاپ، بىر سوز بىلەن ياكى بىر سوزنى كوپ مەنىدە قوللىنىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنى سوزلەرنى ئوزىنىڭ ئاساسىي مەنىسىدىن باشقا يەنە بىرمۇنىچە مۇناسىۋەتلىك مەنىلەردە قوللىنىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇچۇق" سوزى "ئىشىك ئوچۇق" دىگەن ئاساسىي مەنىسىدىن باشقا "ھاۋا ئوچۇق، (ھاۋادا بۇلۇت يوق)"، "قولى ئوچۇق (سېخى، مەرت)"، "ئوچۇق كىشى (سادده خۇشخۇي كىشى)" دىگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلسا، "سال"

سوزى "ساندۇققا سال" دىگەن ئاساسى مەنىدىن باشقا "ئوي سىلىش (ئوي ياساش)"، "ئۇرۇق سىلىش (ئۇرۇق سىلىش، ئۇرۇق چىچىش)"، سورەم سىلىش ("سورەم سورىتىش)"، "خەت سىلىش (خەت ئەۋەتىش)" "سەپ-سىلىش (دىققەت قىلىش، زەڭ قويۇش)" "قولاق سىلىش (ئاڭلاش)"، "سىلىق سىلىش (مەجبۇرىيەت ئارتىش)" "گەپكە سىلىش (سوزلىتىش)"، "بازارغا سىلىش (بازاردا كور-ستىش)" قاتارلىق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تىل تەرەققىياتىدا سوز مەنىسىنىڭ كىڭىيىشى ۋە كوچۈشى نەتىجىسىدە، كوپ مەنىلىك سوزلەر بارلىققا كىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان-لار جەمىيەتتىكى ۋە تەبىەتتىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدەك بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەدرىجى ھالدا بىلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەڭگى، خاراكتىرى، رولى ۋە مەلۇ-خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كىتىدىغان شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسى-دىكى ئۇقۇمنى تىلدىكى سوزلەرنى كوپ مەنىدە ۋە كوچمە مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئاق، قارا" سوزلىرى نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلدۇرۇشتىن تاشقىرى "ئاق كوڭۇل (كوڭلىدە يامانلىقى يوق)"، "ئاق يول (سەپەرنىڭ بىخەتەر بولۇشى)"، "ئاق ئادەم (گۇناسىز كىشى"، "قارا كوڭۇل (كوڭلىدە يامانلىقى بار)، قارا تۇرۇك (ساۋاتسىز)"، "قارا تۇتۇش (ماتەم تۇتۇش)" قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمەن، كوپ مەنىلىك سوزلەرنى ھەممە تىلدا دىگۇدەك كوپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئالاقىلىشىشتا كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ مەنىسى ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقى

كونكرېت جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا تىلدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بولۇشى پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

سۆزلەر دەسلەپ پەيدا بولغاندا بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك خاس ناملار، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئومۇمەن بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كەسپىي سۆزلەرمۇ كۆپىنچە بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىل تەرەققىياتىدا سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى بىر مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

## 3-بۆلۈم ئېتىمولوگىيە

ئېتىمولوگىيە گرېكچە **etymon** (چىن، ھەقىقەت)، **Logos** (بىلىم) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر.

تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى، يەنى مەلۇم سۆزنىڭ ئەسلىدە قانداق سۆز ئىكەنلىكىنى دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قانداق ئۆزگىرىش ياساپ ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ مىللەتنىڭ تىلىغا خاس سۆز ئىكەنلىكىنى ياكى باشقا تىلدىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئېتىمولوگىيە ئىلمى ئارقىلىق بىلىۋالىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بۈگۈن" سۆزىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ سۆز ھازىرقى ھالىتىدە مەنىلىك بۆلەككە بۆلۈنمەيدىغان سۆزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭ "bu" دېگەن ئالماش بىلەن "كۈن" دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل

بولغانلىغىنى، دەۋرلەرنىڭ ئوتتۇشى بىلەن "k" تاۋۇشىنىڭ "g" تاۋۇشىغا، "u" تاۋۇشىنىڭ "ü" تاۋۇشىغا ئالماشتۇرۇلغانلىغىنى، بۇ سوزنىڭ ئىككى مەنىلىك بولەككە بولۇنىدىغانلىغىنى بىلىمىز. شۇنىڭ- دەك تىلىمىزدىكى بەزى جۇپ سوزلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئادەتتە ھىچ قانداق مەنىنى ئىپادىلىمەيدىغان سوزدەك كورۇنىدۇ. لېكىن بۇ خىل سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئەسلىدە ئۇ سوزنىڭ مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سوز ئىكەنلىگىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز. "ئاغرىق-سىلاق" دىگەن جۇپ سوزنى ئالساق، بۇ سوزنىڭ "سىلاق" قىسمى ھازىر ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ھەم ئوز ئالدىغا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى "ئاغرىق" سوزىگە قوشۇمچە كەك مەنە قوشىدۇ. بىز بۇنداق سوزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭ "سۇلاق" سوزىدىن كېلىپ چىققانلىغىنى، يەنى تىلىمىزدىكى "زەي"، "نەم" سوزلىرى بىلەن مەنىداش بولغان "سىز" سوزىنىڭ ئىسىملاشقان "ئىزلاق" سوزىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا فونېتىكىلىق ئوزگىرىش ياسىشى ("ز" چۇشۇپ قېلىشى) ئارقىسىدا "سىلاق" بولغانلىغىنى، بۇ سوزنىڭ زەي-نەم ئوتتۇش بىلەن ئاغرىش مەنىسىدىكى سوز ئىكەنلىگىنى بىلىمىز. دىمەك "ئاغرىق-سى- لاق" دىگەن جۇپ سوزنىڭ تەركىۋىدىكى ئىككى سوز ئەسلىدە مەنىداش سوزلەر دىگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. يەنە بىر مىسال ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بوك" سوزى قېرىنداش تىللاردا "بورك" دىيىلىدۇ. كىچىك باللارنىڭ بىر خىل باش كىيىمىنى ھازىرمۇ "پۇرمە" دەپ ئاتىغى- نىمىزغا ئاساسەن "پۇرمە" بىلەن "بوك" ياكى "بورك" نىڭ ئارىسىدا ئەسلى يىلتىز ئوخشاشلىغى بولۇشى كېرەك، يەنى بۇنىڭ ئەسلى يىلتىزى "بۇر" ياكى "پۇر" دىگەن پېئىل بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز

قىلىش مۇمكىن. نەتىجىدە بۇ سۆزنىڭ "بۇر" ياكى "پۇر" پېتىلغا ئىسىم ياسىغۇچى "ك" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ "بۇك" بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن، خوتەن شېۋىسىدىكى "تەلپەك" (بىر خىل باش كىيىمى) سۆزىنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ "تەرپەرەك" دەپ ئاتىشىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ "تىرە بۇك" دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى كېرەك دېگەن پەرەزنى قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

دېمەك، ئېتىمولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىپ، بىر قىسىم سۆزلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشىمىزگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ.

## 4 - بۆلۈم لۇغەتشۇناسلىق

لۇغەتشۇناسلىق لېكسىكولوگىيىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، خەلقارا تىلشۇناسلىقتا لېكسىكوگرافىيە دېيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ گرېكچە Lehikon (لۇغەت)، grapho (يازىمەن، تۈزىمەن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇر تىلىدا لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى ۋە ئىبارىلەرنى جەملەپ ۋە مەلۇم بىر خىل سېستىمىغا سېلىپ ھەر خىل لۇغەتلەرنى تۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، تۈرلۈك لۇغەتلەرنى تۈزۈش ھەققىدىكى بىلىم لۇغەتشۇناسلىق (لېكسىكوگرافىيە) دېيىلىدۇ.

لۇغەتشۇناسلىق لۇغەتنىڭ قانداق تۈزۈلىدىغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن تۈزۈلىدىغانلىقى (قانداق ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن

تۈزۈلىدىغانلىغى)، لۇغەتنىڭ تۈرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، مەلۇم تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستە قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا مەدەنىي ھاياتتا تۈرلۈك لۇغەتلەرنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك-ئىلمىي خادىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھامان تۈرلۈك لۇغەتلەرنى پايدىلىنىش قورالى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك لۇغەتلەرنىڭ بولۇشى جەمئىيەت ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياجلىق ھەم زور ئەھمىيەتلىك.

جەمئىيەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل لۇغەتلەر تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، "تەرجىمە لۇغىتى" (باشقا تىلدىكى سۆزلەرنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرگەن ئىككى تىللىق لۇغەت) ۋە "كۆپ تىللىق لۇغەت" (بىر تىلدىكى سۆزلەرنى بىر-قانچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان لۇغەت) تۈزۈلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىلىرىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ھەم ئۆز تىلىدىكى سۆزلەردىن توغرا پايدىلىنىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ئىزاھلىق لۇغەت تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بىرەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان "تارىخىي لۇغەت" تۈزۈلىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ زادى قانداق كېلىپ چىققان-

لىغىنى بىلىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، "ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت" تۈزۈلىدۇ، بىرەر تىلنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، "ئىملا لۇغىتى" ۋە «چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى» تۈزۈلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، پەن - تېخنىكا ساھەلىرى، تۈرلۈك مەملىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خەلقلىرى، سىياسى، ئىقتىسات، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىلمىي خادىملار ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، چوڭ تىپتىكى قامۇس ۋە ئوكيانۇسلار تۈزۈلىدۇ. لۇغەت تەركىۋىدىكى بىر قىسىم سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ مەنە ئالاھىدە-لىگىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىدىدە، "سىنونىملار لۇغىتى"، "ئومونىملار لۇغىتى"، "ماقال - تەمسىلەر لۇغىتى"، "ئىدىئوملار لۇغىتى" قاتارلىق لۇغەتلەر تۈزۈلىدۇ.

دېمەك، لۇغەتلەر ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا ھەرخىل لۇغەتلەرنى تۈزۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەيلى قانداق لۇغەت تۈزۈلسۇن، تىلدىكى سۆزلەر شۇ تىلنىڭ فونېمىلىرىنىڭ يېزىقتىكى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتكە تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىك-لىرىنى ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلىدىغان يۇقۇرقىدەك قىسىملارنى لېكسىكولوگىيىنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى دەپ تونۇش مۇۋاپىق.

# بەشىنچى باپ

# گىراماتىكا

## 1 - بۆلۈم   گىراماتىكا ۋە ئۇنىڭ رولى

گىراماتىكا دىگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا ھەم تىلنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى دىگەن مەنىدە، ھەم تىلنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى ھەققىدىكى بىلىم دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن، "گىراماتىكا" دىگەن سۆز "سۆزۈڭنىڭ گىراماتىكىسى توغرا ئەمەس" دىگەن جۈملىدە تىلنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى دىگەن مەنىدە قوللىنىلسا، "بىز گىراماتىكىنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز كېرەك" دىگەن جۈملىدە تىلنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى ھەققىدىكى بىلىم دىگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا.

دىمەك گىراماتىكا دىگىنىمىز سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى شۇنىڭدەك سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ھەرقانداق تىلدا ئالاقىلىشىش ئېھتىياجى ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتىرىياللىق رول ئوينايدىغان نەچچە ئون مىڭلىغان سۆز بولىدۇ. بۇ سۆزلەر يىغىلىپ شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكىن لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئۆزىلا تىل بولالمايدۇ ياكى ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلەپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى تىلدىكى سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا، پەقەت شەيئىلەرنى، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى ئۇقۇمنىلا ئىپادى-لەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ئوي-پىكىرلىرىنى، مەقسىدىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. تىلدىكى سۆزلەر مەلۇم گىرامماتىكى-لىق قائىدە-قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆزئارا باغلانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى ۋە مەقسىدىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بىر، ئۇزاق، ناھايىتى، جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك، باسقۇچ، تارىخىي" دېگەن 7 سۆزنى مۇشۇنداق تەرتىپسىز ھالدا بىر يەرگە يىغىپ قويساق، بۇنىڭدىن مۇشۇ 7 سۆزنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئۇقۇملا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن سۆزلىگۈچىنىڭ دىمەكچى بولغان ئوي-پىكرى ۋە مەقسىدى ئىپادى-لەنمەيدۇ. ئەگەر بۇ 7 سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدى-سىگە ئاساسەن "سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچتۇر" دېگەن شەكىلدە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلسە، بۇنىڭدىن سۆزلىگۈچىنىڭ نىمە دىمەكچى بولغانلىقى (ئوي پىكرى) تولۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى مۇشۇ تۈرقىدا "سوتسىيالىستىك جەمئىيەت" دېگەن ئىككى سۆز بايان قىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى (ئىگىسى) بولۇش ئاساسىدا، "ناھايىتى ئۇزاق بىر" دېگەن ئۈچ سۆز "تارىخىي باسقۇچتۇر" دېگەن ئىككى سۆزنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇش ئاساسىدا، "تارىخىي باسقۇچتۇر" دېگەن ئىككى سۆز مەركىزىي نۇقتىنىڭ (ئىگىنىڭ) خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىپ خەۋەر بولۇش ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەنلىكى

ئۇچۇن، سوزلىگۇچىنىڭ بىزگە ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكرى ۋە مەقسىدى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. شۇڭا يولداش ستالىن: "لۇغەت سوستاۋىسىز ھىچ قانداق تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى تىل بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. ئەمما تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى تىل گىراماتىكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. گىراماتىكىدا سوزنىڭ ئوزگىرىش قائىدىلىرى، سوزلەردىن جۇملە تۇزۇش قائىدىلىرى بەلگىلەنگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىلغا تەرتىپلىك، مەنىلىك خاراكتىر بېرىلىدۇ" («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 - بەت) دەيدۇ.

گىراماتىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرى ئابستراكتلاشقان ۋە ئومۇملاشقان بولىدۇ. چۇنكى گىراماتىكا ئۇچۇن كونكرېت سوزنىڭ مەنىسى ياكى ئۇ سوز ئىپادىلىگەن نەرسىنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيىتى (چوڭ-كىچىكلىگى، رەڭگى، تۇزۇلۇشى، شەكلى، ئۇزۇن-قىسقىلىغى، قاتتىق-يۇمشاق- لىغى، قېلىن-نېپىزلىگى، ئىنچكە-توملۇغى، تۇز-ئەگرىلىگى، يۇمۇلاق ياكى ياپىلاقلىغى) ئەھمىيەتسىز، ئىككىنچى تۇرلۇك قېلىپ ئېيتقاندا، گىراماتىكا كونكرېت ھادىسىلەرنى ئەمەس، ئومۇمى خاراكتىرلىق ھادىسىلەرنى نەزەردە تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "دەريا، سۇ، شەھەر، كوچا، ماشىنا، ئوي، نان، دەرەخ، ئادەم، تاش، پۇت، قول" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ كونكرېت مەنىلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، گىراماتىكا بۇ سوز- لەرنىڭ ئومۇمى خاراكتىرلىق تەرەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سوزلەرنى ئابستراكسىيلەشتۇرگەن ھالدا "ئىسىم" دىگەن نامدا

بىر كاتېگورىيىگە يىغىنچاقلايدۇ ۋە ئابستىراكسىيىلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ-دەك "ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان بەردى"، "يازغۇچىلار كىتاب يازدى"، "ئىشچىلار پولات تاۋلىدى"، "دېخانلار بۇغداي تېرىدى"، "ئوقۇتقۇ-چىلار دەرس ئۆتتى" دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، گىرامماتىكا بۇ جۈملە-لەرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، يىغىق بايان جۈملە دېگەن نامدا يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ ۋە ئابستىراك-سىيىلەشتۈرىدۇ.

ھەرقانداق تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى شۇ تىلنىڭ ئاسا-لىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق تىل ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تولۇقلىغۇ-چىنىڭ ئالدىدا كېلىشى، خەنزۇ تىلىدا تولۇقلىغۇچىدىن كېيىن كېلىشى (مەسىلەن "مەن خەت يازدىم" دېگەن سۆزنىڭ "我写字了" دېيىلگىنىدەك)، ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلانغۇچىدىن بۇرۇن كېلىشى، ئەرەب تىلىدا كېيىن كېلىشى (مەسىلەن "قەشقەر-لىك مەھمۇت"نىڭ "مەھمۇت قەشقەرى" دېيىلگىنىدەك) مۇشۇ تىللار-نىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىدۇر.

گىرامماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەر (ھەرقايسى تىلنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى) بولمايدىكەن، تىل ئۆزىنىڭ ئالاقە ۋاستىسىلىك رولىنى جارى قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر بىر بىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ ۋە پىكىر ئالماشتۇرالمايدۇ. شۇڭا تىلدا گىرامماتىكا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە تىلشۇناسلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىل تەرەققى قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭدەك تىلنىڭ تۇراقلىق بولۇشىنىڭ ۋە تىلنىڭ ئاساسى ھېساپلىنىدىغان ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن مەلۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ، گىراماتىكا تەتقىقاتىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا بولىدۇ، بۇ تارىخىي گىراماتىكا دېيىلىدۇ. بىر تىلنىڭ مەلۇم دەۋردىكى قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا بولىدۇ، بۇ تەسۋىرىي گىراماتىكا دېيىلىدۇ. ھەرقايسى تىللارنىڭ ياكى مەلۇم تىل بىلەن يەنە بىر تىلنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا بولىدۇ، بۇ سېلىشتۇرما گىراماتىكا دېيىلىدۇ. ھەرقايسى تىللارغا ئورتاق قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا نەزەرىيىسى دېيىلىدۇ.

مەيلى قانداق گىراماتىكا بولسۇن، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش (تۈرلىنىش)، ياسىلىش قائىدىلىرىنى، سۆزلەردىن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. مانا مۇشۇ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسىگە قاراپ گىراماتىكا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دەپ ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ.

## 2-بۆلۈم گىراماتىكىلىق مەنە، گىراماتىكىلىق شەكىل

گىراماتىكىلىق مەنە، شەكىل، ئۇسۇل ۋە كاتېگورىيە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشتا ئەڭ ئاساسلىق تۈپ مەسىلىلەر. بۇلار ھەم بىر

بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق بولغان گىراماتىكە-لىق ھادىسىلەردۇر. شۇڭا تىلشۇناسلىقنىڭ گىراماتىكا قىسمىدا بۇ جەھەتتىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاش-تۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. گىراماتىكىلىق مەنە

تىلدىكى سۆزلەر جۈملىدە ھەرخىل سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت ئارقىلىق، ھەر بىر سۆزنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىگە يەنە بىرمۇنچە قوشۇمچە ئابستراكت مەنىلەر قوشۇلىدۇ. شۇڭا سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق لېكسىكىلىق مەنىسىگە قوشۇلغان تۈرلۈك قوشۇمچە ئابستىرا-كت مەنىلەر گىراماتىكىلىق مەنە دېيىلىدۇ. گىراماتىكىلىق مەنە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ:

بىرىنچى، گىراماتىكىلىق مەنە لېكسىكىلىق مەنىگە قارىغاندا ئابستراكت بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان" دېگەن جۈملىدە ئۈچ سۆز بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە (ماددىي مەنە)نى ئىپادى-لەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، "دۇنيا" سۆزى ئاخىرىغا قوشۇلغان "نى" ئارقىلىق، ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى ۋە ئۆزىنىڭ جۈملىنىڭ تولۇقلىغۇ-چىسى ئىكەنلىكىنى، "ئەمگەك" سۆزىنىڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىكەن-لىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، "يارات" سۆزى ئاخىرىغا قوشۇلغان "قان" ئارقىلىق، ئۆتكەن زاماندىكى ھەرىكەتنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ جۈملە-نىڭ خەۋىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇلار مۇشۇ ئۈچ سۆز-نىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىگە قوشۇلغان گىراماتىكىلىق مەنىلەر

بولۇپ، ئۇلارنىڭ لىكسىكىلىق مەنىگە قارىغاندا ئابستىراكىت ئىكەن-لىكى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرماقتا.

ئىككىنچى، گىراممانتكىلىق مەنە گىراممانتكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا گىراممانتكىلىق مەنە بىلەن گىراممانتكىلىق شەكىل زىچ مۇناسىۋەتلىك. گىراممانتكىلىق شەكىلسىز گىراممانتكى-لىق مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلۈك مەنە ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بىرى سۆزنىڭ ئالدىغا كونكرېت سانلارنى قويۇش بىلەن (بەش ئادەم، بەش كىتاپ، يۈز ئات دېگەن-دەك، شەيئىلەر سانىنىڭ كۆپلۈگىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ كون-كرېت لىكسىكىلىق مەنىسى ئارقىلىق) ئىپادىلەنسە، يەنە بىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا "لار"، "لەر" قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ (ئادەملەر، كىتاپلار، ئاتلار دېگەندەك). بۇ مۇشۇ سۆزلەرنىڭ "لار"، "لەر" قوشۇلغان شەكىل ئارقىلىق ئىپادى-لەنگەن گىراممانتكىلىق مەنىدۇر.

گىراممانتكىلىق مەنە سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن ئابستىراكىت مەنىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئومۇمى، ئىخچام ئابستىراكىت مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "زىددىيەت ئومۇمى ۋە مۇتلەق بولىدۇ"، "يېڭى جەرياننىڭ پەيدا بولۇشى دېگەن نېمە؟"، "مەملىكىتىمىزنى تېزدىن تۆتتە زامانىۋىلاش-تۇرايلى!"، "ئىسىخ، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل شەھەر ـ ھە!" دېگەن جۈملىلەرنى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدىكى كونكرېت ئوي-پىكىرنى سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك پوزىتسىيىلەردە (ئوي-پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە، سوراق تەرىقىسىدە، چاقىرىق تەرىقىسىدە، ھايا-

جان-ئۇندەش تەرىقىسىدە) ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېنىق كورىمىز. بۇ مەنىلەر مۇشۇ جۇملىلەرنىڭ كونكرىت مەزمۇنىغا قوشۇلغان ئومۇمى، ئىخچام، ئابىستىراكىت مەنە (شۇ جۇملىلەرگە قوشۇلغان گىراماتىكىلىق مەنە) بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 2. گىراماتىكىلىق شەكىل

سوزلەر جۇملىدە مەلۇم گىراماتىكىلىق ۋاستە قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغان شەكىلدە كېلىپ، ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقايسى تىللاردا سوزلەرنى جۇملىدە ئوزئارا مۇناسىۋەتلەشتۇرىدىغان تۇرلۇك تىل تەركىپلىرى بولىدۇ. ئۇلار سوزلەرنىڭ ھەرخىل شەكىلدە كېلىپ تۇرلۇك گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەشدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا تىلدىكى سوزلەرنى جۇملىدە ئوزئارا مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ، مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تىل تەركىپلىرى گىراماتىكىلىق شەكىل دېيىلىدۇ.

گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ سوزگە ۋە سوز بىرىكمىلىرىگە بولغان بېقىندىلىقى قالايمىقان بولمايدۇ، قانۇنلۇق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارغا خاس بولغان كېلىش شەكىللىرى پېئىللاردا؛ پېئىللارغا خاس بولغان زامان، شەخس-سان، دەرىجە شەكىللىرى ئىسىم ۋە باشقا سوز تۇركۇملىرىدە كورۇلمەيدۇ.

تىلدا بىر خىل گىراماتىكىلىق مەنە بىرقانچە خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ۋە باشقا تۇركى تىللاردىمۇ كورۇشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۇپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىدىكى گىراماتىكىلىق مەنىسى ئىككى خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە

(قىپ-قىزىل، توق قىزىل دىگەندەك) ئىپادىلىنىدۇ، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس ھەركىتى 4 خىل شەكىلدە (يازدىم، يازاتتىم، يازدۇق، يازاتتۇق دىگەندەك) ئىپادىلىنىدۇ.

گىراماتىكىلىق شەكىللەرمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىل ئابىستىراكىتلىقى كۈچىيىدۇ. بۇ ھال تىل گىراماتىكىسىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇزاق تارىخى جەرياندا بارلىققا كەلگەن گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئۆزگە خاس ئۆزگىرىش ۋە تەرەققى قىلىش ئالاھىدىلىگى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

بىرىنچى، بىر قىسىم گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئالاقە ئېھتىياجىدىن قېلىپ، بارا-بارا قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى karu-qaru, ngar, iq-ig قاتارلىق كېلىش شەكىللىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئېھتىياجدىن قېلىپ، قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىغى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئىككىنچى، بىر قىسىم گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئايدىڭلىشىدۇ ۋە مۇقىملىشىدۇ، فونېتىكىلىق جەھەتتىن ئۆزگىرىپ قېلىپلىشىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا (قەدىمقى تۈركى تىللاردا) چىقىش كېلىش بىلەن ئورۇن كېلىشىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى ئوخشاش بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە پەرقلەندۈرۈلگەن. قەدىمدە قوللىنىلغان birlən, in-nəm قاتارلىق ياردەمچى كېلىش شەكىللىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە bilən شەكلىدە قېلىپلىشىپ مۇقىملاشقان.

ئۈچىنچى، بىر قىسىم يېڭى گىراماتىكىلىق شەكىللەر بارلىققا

كېلىپ، تىل گىرامماتىكىسىنى بېيىتىدۇ. قەدىمقى تۈركى تىلى گىرامماتىكىسى بىلەن ھازىرقى تۈركى تىل گىرامماتىكىسىنى، جۈملىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنى سېلىشتۇرساق، بۇ خىل مەنزىرە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ.

## 3. گىرامماتىكىلىق ئۇسۇل

گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ كونكرېت ياسىلىش ئۇسۇلى — گىرامماتىكىلىق ئۇسۇل دېيىلىدۇ.

تىل تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، سۆزگە سۆزنى قوشۇپ گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنى ياساشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ھەرقايسى تىللارنىڭ گىرامماتىكىسىدىكى ئەڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدۇر. ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تۈۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ئۇسۇللار بارلىققا كەلگەن.

بىرىنچى، قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى

ھەرقايسى تىللاردا سۆزگە تۈرلۈك قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەش ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان گىرامماتىكىلىق ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارغا شەخس، سان، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرلۈك شەكىللەرنى ياساش (كىتابىم، كىتابىڭ، كىتابى، كىتابلار، كىتابنى، كىتابنىڭ، كىتابقا، كىتابتىن، كىتابتا دېگەندەك) ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان گىرامماتىكىلىق ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، سۆزلەرنى تەكرارلاش ئۇسۇلى

سوزلەرنىڭ مەلۇم بوغۇمىنى تەكرارلاش ئارقىلىق، مەلۇم گىرامما-تىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى ياساش بىر قىسىم تىللاردا قوللىنىلىدىغان يەنە بىر خىل گىراماتىكىلىق ئۇسۇلدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجە شەكلى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن، ئاپپاق، كوپ-كوك، ساپ-سېرىق، قاپ-قارا، ياپ-يېشىل دىگەنگە ئوخشاش.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، سوزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋىمۇ ھەرقايسى تىللاردا گىراماتىكىلىق شەكىل ياسايدىغان بىرخىل گىراماتىكىلىق ئۇسۇلدۇر. شۇڭا سوزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋى ئوزگەرسە، سوزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىمۇ ئوزگىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇ ئىلغار ئوقۇغۇچى" دىگەن جۈملىدە "ئۇ" ئىگە، "ئىلغار" ئېنىقلىغۇچى، "ئوقۇغۇچى" خەۋەر بولۇپ كەل-گەن، ئەگەر بۇ سوزلەرنىڭ يۇقۇرقىدەك ئورۇن تەرتىۋىنى ئوزگەر-تىپ "ئۇ ئوقۇغۇچى ئىلغار" دىسەك، "ئۇ" ئېنىقلىغۇچى، "ئوقۇغۇچى" ئىگە، "ئىلغار" خەۋەر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن سوزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەرنىڭ جۈملىدىكى ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە ئوزئارا باغلىنىپ كېلىشىمۇ گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل گىراماتىكىلىق شەكىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقۇرقىلاردىن شۇنى ئېنىق كورۇشكە بولىدۇكى، گىراماتىكىلىق مەنە، گىراماتىكىلىق شەكىل ۋە گىراماتىكىلىق ئۇسۇل ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى گىراماتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق گىراماتىكىلىق شەكىل بارلىققا كەلسە، گىراماتىكىلىق

شەكىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلار بىر بىرىگە يولەنگەن هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق هادىسىلەردۇر. لېكىن بۇلارنى بىرخىل هادىسە دەپ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇلار يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە ئايرىم-ئايرىم هادىسىلەردۇر.

## 4. گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە

تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ يىغىنچاقلىنىپ تۈرگە ئايرىلىشىدىن گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە هاسىل بولىدۇ. شۇڭا مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ يىغىندىسى گىراماتىكىلىق كاتىگورىيە دىيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ شەخس (تەۋەلىك) مەنىنى ئىپادىلىشى ئۈچ شەخسكە خاس بىرنەچچە خىل قوشۇمچە بىلەن ئىپادىلەنسە (ئىسىملارنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق مەنە هەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنسە)، بۇلار يىغىنچاقلانغان هالدا ئىسىملارنىڭ شەخس (تەۋەلىك) كاتىگورىيىسى دىيىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ شەخس-سان جەهەتتىكى گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى 3 شەخسكە تەۋە بولغان هەركەتنى بىرنەچچە خىل قوشۇمچە بىلەن كورسىتىپ كەلسە، بۇلار هەركەتكە مۇناسىۋەتلىك شەخسنى ۋە ئۇ شەخسنىڭ بىر ياكى كوپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر خىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق

شەكىللەردۇر. شۇڭا بۇنى گىرامماتىكا نۇقتىسىدىن يىغىنچاقلاپ ۋە
ئابستىراكسىيىلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ شەخس-
سان كاتېگورىيىسى دەيمىز.

گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە تار مەنىدە سۆزلەرنىڭ مەلۇم گىرام-
ماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق ئۇسۇل
بىلەن بارلىققا كەلگەن ھەر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ
ئىخچاملاشتۇرۇلۇشىغا قارىتىلسا، كەڭ مەنىدە مەلۇم تىلىدىكى سۆز-
لەرنىڭ ھەرخىل گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈركۈم-
لەرگە ئاجرىتىلىشىغىمۇ قارىتىلغان. شۇڭا مەلۇم تىلىدىكى ھەرقايسى
سۆز تۈركۈملىرى ماھىيەتتە كەڭ دائىرىدىكى بىر خىل گىرامماتى-
كىلىق كاتېگورىيىدۇر.

گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ھەر بىر تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق
قۇرۇلۇشى يەنى ھەرقايسى تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ۋە سۆز بىرىكمە-
لىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئۆزئارا سىنتاكسىلىق
باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇشى ھەققىدىكى ئومۇمى چۈشەنچىدۇر.
شۇڭا جۈملىدە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئومۇ-
مىلىق گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ ئاساسىدۇر.

گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇشىمۇ،
قىسمەن ئومۇملاشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر، قازاق
تىللىرىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ناھايىتى ئومۇم-
لاشقان بولۇپ، مۇشۇ تىلدىكى ئىسىملارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كاتې-
گورىيە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىكى
سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بولسا ئۇنداق ئومۇملاشمىغان.
شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى (رەڭ-تۈس

سۇپەتلىرى) بۇ كاتېگورىيە بىلەن تۇرلىنىدۇ. بىر قىسمى (ياسالما سۇپەتلەرنىڭ ۋە ئەسلى سۇپەتلەرنىڭ بىر قىسمى) بۇ كاتېگورىيە بىلەن تۇرلەنمەيدۇ.

ھەر خىل تىللاردا ھەر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بىرقانچە تىلدا بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئومۇمەن، تىلدىكى ھەر بىر سۆز گىراماتىكا جەھەتتىن مەلۇم بىر سۆز تۈركۈمىگە ياكى تىلدىكى مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە تەۋە بولىدۇ. تىلدا يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز مۇشۇ تىلدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز ئۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇڭا تىلدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر شۇ تىلدىكى سۆزلەر ئاساسىدا كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭدەك تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى (گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى) تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، تاكامىللاشتۇرۇشقا زور ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنى ئۆگىنىش تىلنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە، تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەپ تەتقىق قىلىشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

## 3 - بولۇم گىرامماتىكىنىڭ ئىككى قىسمى ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

### 1. مورفولوگىيە

تىلدىكى سوزلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم مورفو-لوگىيە دېيىلىدۇ. ھەرقايسى تىللاردىكى سوزلەر قۇرۇلۇش جەھەتتىن ھەرخىل بولىدۇ. چۈنكى ھەرقايسى تىللاردىكى سوزلەرنىڭ قۇرۇ-لۇشىنى تەھلىل قىلغاندا، نۇرغۇن سوزلەرنىڭ بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تەركىپ تاپقانلىقىنى، يەنە نۇرغۇن سوزلەرنىڭ بىرقانچە مەنىلىك بولەكتىن تەركىپ تاپقانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۈركى تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئاتا، ئانا، پۇت، قول، باش، تاش، قوغۇن-تاۋۇز، مەن، سەن، ماڭ، تۇر، يات، ئوقۇ، ئىچ، كەت، سۇز، بىر، بەش، ئون، يۈز" دىگەنگە ئوخشاش سوز-لەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇ خىل سوزلەرنىڭ بىرلا مەنىلىك قىسمىدىن تەركىپ تاپقانلىقىنى يەنى بۇ سوزلەرنى مەنىلىك قىسىملارغا پەقەت بولگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىمىز. ئەمدى "ئىشلە، باشقۇرۇش، ياخشىلىققا يامانلىق، بىرلەمچى، ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ ئىلگىرىلىشى، ياتقۇزۇلغان، خوشاللىق بىلەن" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بەزى-لىرىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ مەنىلىك قىسمىدىن، بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭ-دىنمۇ كوپ مەنىلىك قىسمىدىن تەركىپ تاپقانلىقىنى ھىس قىلىمىز. شۇنىڭدەك مەنىلىك قىسىملارغا بولگىلى بولىدىغان بۇ خىل سوز-لەرنىڭ تەركىۋىدە ئاساسى مەنىلىك قىسىم (باش مەنىلىك بولەك)

بىلەن قوشۇمچە مەنىلىك قىسىم (ئەگەشمە مەنىلىك بولەك) بولىدى-
غانلىغىنى، قوشۇمچە مەنىلىك قىسمىنىڭ بەزىلىرى لېكسىكىلىق مەنىنى
ئىپادىلىسە، يەنە بەزىلىرى گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەۋاتقان-
لىغىنى ئېنىق بايقايمىز. بۇ ھەرقايسى تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە
خاس ئۆزگىرىش (تۈرلىنىش) قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە، ياسىلىش
قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزلەر جۈملىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدە كەلگەندە
تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردە (تۈرلىنىشتە) بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى
"ياز" سۆزىنى ئالساق، بۇ سۆز ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۈملىدە
باشقا سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە، ھەر خىل تۈرلىنىشتە
بولىدۇ. مەسىلەن، يازدىم، يازدۇق، يازدىڭ، يازدىڭلار، يازدى،
يازىمەن، يازىمىز، يازىسەن، يازىسىلەر، يازىدۇ، يېزىۋاتىمەن،
يېزىۋاتىمىز، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋەت،
يېزىۋال، يېزىپتۇر، يېزىپباق، يازمىدى، يېزىلدى، يېزىشتى، ياز-
دۇردى دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل تۈرلىنىشلەردە كېلىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن بۇ سۆز خىلمۇ-خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.
تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ھەر خىل تۈرلىنىشلەردە كېلىپ،
خىلمۇ-خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان قائىدە-
قانۇنىيەتلىرىنى مورفولوگىيە تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

تىلدا سۆزگە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى، سۆزگە سۆزنىڭ قوشۇ-
لۇشى بىلەن يېڭى-يېڭى لېكسىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان
سۆزلەر ياسىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى
شۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. مەسى-
لەن، تۈركى تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىشچى،

ئاشپەز، ناۋاي، تىلشۇناس، قىمارۋاز" دېگەن سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان بولسا ("ئىش، ئاش، نان، تىل، قىمار" قاتارلىق مەلۇم ھەرىكەت ياكى شەيئى نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە "چى، پەز، ۋاي، شۇناس، ۋاز" قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆزلەر ياسالغان بولسا)، "بەلۋاغ، تاشيول، كۆكتاش، ئۈچتۇرپان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" قاتارلىق سۆزلەر سۆزگە سۆزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنە ئاساسىدا يەنە باشقا بىر يېڭى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ياسالما سۆزلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق يېڭى لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ مورفولوگىيە تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

تىلدىكى سۆزلەر ئۆزىگە خاس ياسىلىش، تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى رولىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەنىمۇ (لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىمۇ) ھەر خىل بولىدۇ. مورفولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. سۆزلەرنى تۈركۈمگە بۆلگەندە، پرىنسىپ (ئۆلچەم) ئېنىق بولۇشى كېرەك، ئەتراپلىق بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى تىلدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى تىلدىكى سۆزلەرنى تۈركۈمگە بۆلۈش پرىنسىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

مورفولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش، تۈركۈم-

لەرگە بولۇنۇش جەھەتتىكى قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇشۇنداق قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ ئابستىراكتلىقىغا ۋە ئومۇملىقىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىدۇ.

## 2. سىنتاكسىس

سىنتاكسىس جۈملە ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلدىكى سۆزلەردىن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى سىنتاكسىس تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

جۈملە نۇتۇقنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا، بىر بىرىنى چۈشىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا جۈملە تولۇق ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، مەلۇم گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەڭ ئاساسلىق تىل ماتېرىيالى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بىز جۈملە ئارقىلىق مەلۇم مەسىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەك، مەلۇم مەسىلىنى ئىنكار قىلىمىز ياكى مەلۇم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيمىز ياكى بولمىسا ناھايىتى چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىمىزنى ئىپادىلەيمىز. شۇڭا جۈملە مەلۇم ئوبيېكتىپ مەزمۇننى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى سۆزلىگۈچى كىشىنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىغا بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. جۈملە ئەنە شۇنداق تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەش بىلەن باشقىلاردا ئالاھىدە تەسىرات قوزغايدۇ. جۈملە مەيلى بىر سۆزدىن ياكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسۇن، مەنە جەھەتتىن تولۇق ئاياق-

لاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىشى كېرەك. بىر سوزنىڭ جۈملە بولۇپ ئاياقلاشقان بىر ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىشى ئۈچۈن، مەلۇم تىل شارائىتى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، مەلۇم ئادەم ئويدە ناھايىتى بېرىلىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقاندا، سىرتتىن ئويگە بىر كىشى كىرسە، خەت يېزىۋاتقان ئادەم "كىم؟" دىسە، سىرتتىن كىرگەن ئادەم "مەن" دەپ جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق تىل شارائىتىدا بۇ ئىككى سوز ("كىم" بىلەن "مەن" دىگەن سوز) تولۇق ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق جۈملە ئوزئارا ئالاقىلىشىشنى مەقسەت قىلىپ سوزلىگەندە، ۋاقىتلىق تۈزۈلىدىغان كونكرىت تىل ماتىرىيالى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نۇتۇقتىكى ئەڭ ئاساسلىق تىل ماتىرىيالى دىيىلىدۇ.

ھەرقانداق جۈملە ئوزىگە خاس ئىنتونۇاتسىيە، پاۋزا (تىنىش)، ئۇرغۇغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك جۈملە تەركىۋىدىكى سوزلەر مەلۇم گىراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەر بويىچە ئوزئارا باغلىنىدۇ ۋە ئوزئارا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇلار جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھەرقايسى تىللارنىڭ جۈملىلىرى ئوزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق بىر بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

جۈملىدىكى سوزلەر ئۈچ خىل سىنتاكسىلىق باغلىنىشتا بولىدۇ. بىرىنچى، جۈملىدىكى سوزلەر بىر بىرىگە قاتار باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ھەممە كىشى قىزىقىدىغان رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم" دىگەن جۈملىدە سوزلەر بىر بىرى بىلەن قاتار (←←←) باغلىنىپ كەلگەن.

ئىككىنچى، جۈملىدە بىرقانچە سوز بىر سوزگە ئورتاق (تەڭ دەرىجىدە) باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بىز ۋەتەننى، پارتىيىنى، خەلقنى قىزغىن سويىمىز" دېگەن جۈملىدە "ۋەتەننى، پارتىيىنى، خەلقنى، قىزغىن" دېگەن سوزلەر "سويىمىز" دېگەن سوزگە ئورتاق (⇶←) باغلىنىپ كەلگەن.

ئۈچىنچى، جۈملىدە بىر سوز بىرقانچە سوزگە ئورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى ۋە پەن-مەدەنىيىتى خېلى ئارقىدا" دېگەن جۈملىدە "مەملىكىتىمىزنىڭ" دېگەن سوز "سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى، پەن-مەدەنىيىتى" دېگەن سوزلەرگە ئورتاق (⇇→) باغلىنىپ كەلگەن.

جۈملىدىكى سوزلەر توت خىل سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

بىرىنچى، جۈملىدىكى سوزلەر بىر بىرى بىلەن سان ۋە شەخستە ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "بىز ئوقۇدۇق، سىلەر يازدىڭلار، ئۇ ئىشلىدى" دېگەن جۈملىدە سوزلەر ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن.

ئىككىنچى، جۈملىدە سوزلەر چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. كېلىش كاتېگورىيىسىگە ئىگە تىللاردىكى ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى سوزنىڭ مۇناسىۋىتى چىرمىشىش مۇناسىۋەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، جۈملىدە سوزلەر باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يولۇنۇش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش ھەم سوز ئارقا ياردەمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن تولدۇرغۇچى سوز بىلەن تولۇقلانغۇچى سوزنىڭ مۇناسىۋىتى باشقۇ-

رۇش مۇناسىۋىتىدۇر.

تۇتىنچى، جۈملىدىكى سۆزلەر بىر بىرى بىلەن ياندىشىش مۇنا-سىۋىتىدە كېلىدۇ. جۈملىدە سۆزلەر ھېچقانداق سىنتاكسىلىق ئامىلسىز، ئورۇن تەرتىۋى ئارقىلىق بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت ياندىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئەخمەت ناھايىتى تىرىشچان ئوقۇغۇچى" دېگەن جۈملىدە سۆزلەر ئورۇن تەرتىۋى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلەشكەن. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلىدىكەن (ئوقۇغۇچى ئەخمەت ناھايىتى تىرىشچان دېيىلىدىكەن) جۈملىنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

تىلدىكى جۈملىلەر مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن گىراماتىكىلىق نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا، قانداق مەق-سەتتە (قانداق تەرىقىدە) ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرۈشكە قاراپ، جۈملىلەر بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈن-دەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاددى جۈملە (يەككە جۈملە) مۇرەككەپ جۈملە (قوشما جۈملە) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

دېمەك، سىنتاكسىس تىلدىكى سۆز بىرىكمىسىگە، جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا، مۇناسىۋىتىگە، ۋەزىپىسىگە ۋە جۈملىنىڭ مەنىسىگە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، سۆزلەرنى تۈرگە بۆلۈش جەھەتتىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

# ئالتىنچى باپ

# تىلنىڭ تەرەققىياتى

## 1-بۆلۈم تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

تىل ئامىللىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى — يېڭى ئامىللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كونا ئامىللارنىڭ يوقىلىشى تىل سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ تىل تەرەققىياتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تىل تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، ئادەتتە كىشىلەر بايقىۋالالمايدۇ، لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلسە، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تىلدا خېلىلا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئادەتتە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ماتېرىياللارنى دەرھال چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىمىز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدا تەرەققىيات بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تىلنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە (بولۇپمۇ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدە) ئۆزگىرىش تېز بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى خىلمۇ-خىل

شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى يەنى يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەسلىدە بار شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى ئالدى بىلەن تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا بولىدۇ. چۈنكى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر ئادەتتە ئىجتىمائى تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان ئەڭ مۇھىم شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. گىراماتىكا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە ئۆزگىرىش قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنىڭ، سۆز بىرىكمىسىنىڭ ۋە جۈملە تۈزۈلۈش قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئابستىراكسىيىلەش ئىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تۇراقلىققا، جەمئىيەت ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققى قىلىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، ھەتتا ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. فونېتىكىنىڭ (تىل تاۋۇشلىرىنىڭ) تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى ئاستا بولىدۇ.

تىلنىڭ تەرەققىياتى پارتلاش يولى بىلەن ئەمەس، تەدرىجى بولىدۇ. ستالىن مۇنداق دەيدۇ: "تىل مەۋجۇت تىلنىڭ يوقىتىلىشى ۋە يېڭى تىلنىڭ يارىتىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت تىلنىڭ تۈپ ئامىللىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ياخشىلىنىپ بېرىشى بىلەن تەرەققى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىلنىڭ بىر سۈپەتتىن يەنە بىر سۈپەتكە ئۆتۈشى پارتلاش يولى بىلەن ئەمەس، بىردىنلا كونىسىنى يوقىتىپ، يېڭىسىنى تىكلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ يېڭى

سۈپىتىگە ۋە يېڭى قۇرۇلۇشقا دائىر ئامىللارنىڭ پەيدىن-پەي ۋە ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە توپلىنىپ بېرىشى بىلەن، كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي يوقىلىپ بېرىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.» («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 37-بەت) تىل تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولسا، تىل تەرەققىياتىمۇ ئاستا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر جەمئىيەت تەرەققىياتى تېز بولسا ياكى جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىش زور بولسا، تىل تەرەققىياتىمۇ تېزرەك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: فرانسىيە چوڭ ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خېلى كۆپ يېڭى سۆزلەرنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېھتىياجدىن قالغىنىغا ئوخشاش. لېكىن تىل ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم ئىنقىلاپ بىلەن كونا تىل يوقىلىپ، يېڭى بىر تىل مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. تىل تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا باغلىق. چۈنكى تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى، تەپەككۇر قىلىشىنىڭ قورالى ۋە ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەقدىرى چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتى-

مائى هاياتتىكى خىلمۇ ـ خىل ئۆزگىرىشلەر تىلدا ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ، نەتىجىدە تىل ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن. لىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالاقە ۋاستىسىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزىنى تولۇقلاپ باردۇ، مۇكەممەللىشىپ باردۇ، تىل تەرەققىياتى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. دۇنيادىكى ۋە مەملىكە. تىمىزدىكى تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئاتوم، سۇنئى ھەمرا، باشقۇرما بومبا، سۇ ئاستى، باش يول، باش ۋەزىپە، ئام. مۇى لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دىگەنگە ئوخشاش يېڭى ـ يېڭى سوزلەرنىڭ لۇغەت بايلىقىمىزنى ئاشۇرغانلىقى، بولۇس، بەگ، مىراپ، كوكۇبشى، يۈز بېشى...... دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ ئىستىمالدىن قالغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

2. تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى تەرەققى قىلىدۇ. تىل بىلەن تەپەككۇر بىر بىرىگە چەم. بەرچەس باغلانغان، شۇڭا تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىلدىكى سوزلەرنىڭ مەنىسىدە كېڭىيىش، يەككىلىنىش (تارىيىش)، كوچۇشتەك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەپەككۇر تەرەق. قىياتى بىلەن گىرامماتىكا تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ زىچ بولىدۇ. چۈنكى "گىرامماتىكا ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئابستىراكسىيلەش ئىشىنىڭ نەتىجىسى، تەپەككۇرنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىگە. نىڭ بەلگىسى." (يۇقۇرقى كىتاپ، 32 ـ بەت) گىرامماتىكىلىق كاتىگو. رىيىلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى تەپەككۇر تەرەق. قىياتىنىڭ نەتىجىسى.

3. جەمىيەتلەر ئارا بېرىش-كېلىش تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرقايسى ئىجتىمائى كوللېكتىپ ياكى ھەرقايسى مىللەت ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىش بولىدۇ. جەمىيەت قانچە تەرەققى قىلسا، جەمىيەتنىڭ ئىقتىسات، سىياسى، مەدىنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى قانچە يۇكسەلسە، جەمىيەتلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش شۇنچە كۆچىيىدۇ ۋە قويۇقلىشىدۇ. بۇنداق بېرىش-كېلىشنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى رولىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. نەتىجىدە ھەرقايسى تىللار بىر بىرىدىن بەزى تىل تەركىپلىرىنى قوبۇل قىلىشىدۇ، بىر بىرىنى بېيىتىشتا ئۆزئارا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

دېمەك، جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدەك جەمىيەتلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش نەتىجىسىدە تىلدا ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات بولۇپ تۇرىدۇ.

## 2-بۆلۈم تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەريانى

ھەرقايسى تىللارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ. لېكىن ئومۇمى تىللارغا ئورتاق تىل تەرەققىيات جەريانى ئىككى خىل بولىدۇ.

### 1. تىللارنىڭ بۆلۈنۈشى

بۇ تىلشۇناسلىقتا لاتىنچە "defferentiatsiyə" دېيىلىدۇ. تىللارنىڭ بۆلۈنۈش جەريانى بىر تىلنىڭ بىرقانچە دىيالېكتلارغا بۆلۈنۈشىنى، بۇ دىيالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ياكى كېلىپ چىقىشى بىر

بولغان قېرىنداش تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بارا-بارا چوڭ-
يىشىنى شۇنىڭدەك دىيالېكتلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئاستىدا
مۇستەقىل تىل بولۇپ شەكىللىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
دۇنيادىكى ھەرقانداق تىلنىڭ دىيالېكتلىرى تىلنىڭ بۆلۈنۈپ
كېتىشىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى جەمىيەتتە كىشىلەر جۇغراپىيىۋى شارا-
ئىت، قاتناشنىڭ قولايسىزلىغى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەر
تۈپەيلىدىن، ئۇزاق زامان ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلالمىسا، فونې-
تىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتە قىسمەن ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولغان يەرلىك تىللاردا سۆزلىشىشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە،
بىر تىلنىڭ ئىچىدە دىيالېكتلىق پەرقلەر مەيدانغا كېلىدۇ.
ئەگەر مەلۇم تىلنىڭ دىيالېكتلىرىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى ئالاقە قانچە ئازايسا، دىيالېكتلار ئارىسىدىكى پەرق شۇنچە
زورىيىدۇ (ئۇيغۇر تىلىدىكى لوپنۇر دىيالېكتى بۇنىڭ ئوچۇق ئىس-
پاتىدۇر). ھەتتا ئۇ دىيالېكتلار بارا-بارا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
بىر تىل بولۇپ شەكىللىنىشىمۇ مۇمكىن (بۇنىڭغا تۈركىي تىللارنىڭ
بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن تىل بولۇپ كەتكەنلىكى
ئىسپات بولىدۇ). بىر تىلنىڭ دىيالېكتلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ شەكىل-
لەنگەن تىللار كېلىپ چىقىش مەنبەسى جەھەتتە قېرىنداش تىللار
بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەرقايسى قېرىنداش تىللاردا سۆزلەشكۈچى
كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قانچە ئازايسا، قېرىنداش تىللار ئوت-
تۇرىسىدىكى پەرق شۇنچە زورىيىدۇ (قەدىمقى لاتىن تىلىنىڭ بۆلۈ-
نۈشىدىن شەكىللەنگەن فرانسۇز تىلى، ئىسپان تىلى، پورتۇگال
تىلى، ئىتالىيان تىلى ۋە باشقا بىرقانچە تىللار بۇنىڭ ئوچۇق ئىس-
پاتىدۇر).

## 2. تىللارنىڭ قوشۇلۇشى

بۇ تىلشۇناسلىقتا لاتىنچە "entegratsiyə" دېيىلىدۇ. تىللارنىڭ قوشۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە يەرلىك باشقۇرۇشتا بولۇپ، بىرلىككە كەلمىگەن جەمئىيەت پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىكى دىيالېكتلار ۋە تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ جەمئىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ۋە بۇ خىل جەمئىيەتتە ئالاقىلىشىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىللار تەدرىجى قوشۇلۇش تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق قوللىنىدىغان تىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى فرانسۇز تىلى بىرلىككە كەلمەگەن تىل ئىدى، فرانسۇزلار ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان دىيالېكتتا سۆزلىشەتتى. 12-، 13- ئەسىردىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، پارىژنى مەركەز قىلغان يېتەكچى دىيالېكت ئاساسىدا فرانسۇزلارغا ئورتاق بولغان بىر تىل بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

تىللارنىڭ بولۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي جەرياندا جەمئىيەتنىڭ بولۇنۇشى ۋە بىرلىككە كېلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. باشلانغۇچ كوممۇنا جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ھەر بىر ئىجتىمائى كوللىكتىپتىكى كىشىلەر سانى ئاز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ناھايىتى تۆۋەن بولغان؛ يېتەرلىك يېمەكلىكلەرنى تېپىپ تەمىنلىنىش ئۈچۈن، كوپەيگەن نوپۇسلار بولۇنۇپ يېڭى ئىجتىمائى

كوللېكتىپنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق شارائىتلار تىلنىڭ بولۇنۇشىنى
ئىلگىرى سۈرگەن، بۇ دەۋردە تىللارنىڭ بولۇنۇشى ئاساسىي ئېقىم
بولۇپ قالغان. كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،
سىنىپ ۋە دۆلەت بارلىققا كەلگەن ھەمدە فېئوداللىق، قۇللۇق جەمـ
يەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋرلەردە ئىقتىسات، سىياسى ۋە مەدەـ
نىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بىرنەچچە
جەمىيەت بىرلىشىپ بىر جەمىيەتنى تەشكىل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن
ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى كوللېكتىپلار تىلى تەدرىجى قوشۇلۇش
تەرەپكە قاراپ ماڭغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دەۋردە بىرلىككە
كەلگەن جەمىيەتتە ھەرقايسى رايونلار ئۆزىنىڭ يېرىم مۇستەقىللىق
ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغان، ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەتلىشىپ
تۇرالمايدىغان ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن تىللار
ئارىسىدىكى ئىختىلاپمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان. لېكىن بۇ دەۋردە
تىللارنىڭ قوشۇلۇشى ئالدىنقى دەۋردىكىگە قارىغاندا يەنىلا مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ. كاپىتالىزىم دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، ئىشلەپچىقىـ
رىش ماشىنىلاشقان، جەمىيەت ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇكسەك دەرىـ
جىدە بىرلىككە كەلگەن، ھەر بىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا
ئالاقىسى كۈچەيگەن، شۇڭا بۇ دەۋردە دىيالېكتلار ئارا پەرق ئاستاـ
ئاستا يوقىلىشقا باشلاپ، مىللى ئورتاق تىل شەكىللىنىشكە باشلىغان.
سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە ئىقتىسات، سىياسى، مەدەنىيەت جەھەتـ
لەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى بىرلىك بولىدۇ. شۇڭا دىياـ
لېكتلار ئارا پەرق تېز سۈرئەت بىلەن يوقىلىشقا باشلايدۇ. سوتسىـ
يالىزىم پۈتۈن دۇنيادا ئەمەلگە ئاشقاندا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراـ
ۋەرسىزلىككە پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىلىدۇ. مىللى چەكمۇ بارا-بارا

يوقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن كېيىن ستالىن ئېيتقاندەك بىر خىل خەلقارا ئورتاق تىل تەدرىجى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

ئومۇمەن، تىللارنىڭ بولۇنۇشى جەريانىدا تىلنىڭ سانى كوپەيسە، تىللارنىڭ قوشۇلۇشى جەريانىدا تىلنىڭ سانى ئازىيىدۇ. نەتىجىدە تىلنىڭ بولۇنۇشى نەتىجىسىدە دىيالېكتلار ۋە قېرىنداش تىللار، ھەتتا بارا-بارا پۈتۈنلەي باشقا بىر تىل مەيدانغا كەلسە، تىلنىڭ قوشۇ-لۇش نەتىجىسىدە جەمىيەتكە ئورتاق بولغان تىل مەيدانغا كېلىدۇ.

## 3-بولۇم دىيالېكت ۋە ئورتاق تىل

دىيالېكت ئەسلىدە يۇنانچە "dialektos" دىگەن سوزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تىلىمىزدا يەرلىك سوز ياكى يەرلىك شىۋە دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

دىيالېكت ئورتاق تىلنىڭ تارمىغى ۋە ئورتاق تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى. دىيالېكت مەلۇم جەمىيەتنىڭ مەلۇم رايوندىكى كىشلەر قوللىنىدىغان ئوزىگە خاس ئايرىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە يەرلىك تىل. دىيالېكت ئورتاق تىلغا ياكى باشقا دىيالېكتلارغا ئوخشمايدىغان تاۋۇش ۋە سوز-ئىبارىلەرنىلا ئوز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى ئورتاق تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ۋە گىرامماتىكىلىق سىستىمىسىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ شۇ دىيالېكت رايوندا ئومۇملىققا ئىگە بولۇپ، شۇ رايون خەلقىنىڭ ئالاقىلىشىدىغان ھەم پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ۋاستىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. دىيالېكت مەلۇم جەمىيەت ئىچىدىكى رايونلارنىڭ پۈتۈنلەي بولۇنۇپ كەتمىگەنلىگىدىن ياكى بىرنەچچە

جەمىيەتنىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

ئادەتتە دىيالېكتلار ئارا پەرق ئالدى بىلەن فونېتىكىدا جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئارىسىدىكى فونېتىكىلىق پەرقلەر بۇنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، لوپنور دىيالېكتى بىلەن مەركىزىي دىيالېكتتا ق، ك، پ سوزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدا كەلگەندە غ، گ، ۋ تاۋۇشلىرىغا ئايلانسا (ياتاق، ياتىغى، چېلەك، چېلىگى، كىتاپ، كىتۋى دىگەندەك)، قەشقەر-خوتەن دىيالېكتىدا ئايلانمايدۇ (ياتىقى، چېلىكى، كىتپى دىگەندەك). لوپنور دىيالېكتىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى كۈچلۈك بولسا، باشقا دىيالېكتلاردا ئانچە كۈچلۈك ئەمەس.

دىيالېكتلار ئارا لېكسىكا جەھەتتىمۇ بەزى پەرقلەر بولىدۇ، دىيالېكتلار ئارا ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە خاس بولغان بەزى سۆزلەر ئوخشاشمايلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىكى بەزى سۆزلەرمۇ ئوخشاشماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىدا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر پەرقلىق قوللىنىلىدۇ: لوپنوردا "ئانا-ئاپا" سۆزى "ئىنە" دەپ، "ماتا" سۆزى "شاڭ" دەپ، "شمال" سۆزى "تاق" دەپ، "ئىلگەك" سۆزى "قاغىنەك" دەپ قوللىنىلىدۇ، خوتەندە "ياغاچچى" سۆزى "خارەت" دەپ، "باپكار" سۆزى "بوزچى" دەپ، "سەۋزە" سۆزى "زىدەك" دەپ، "چەيزە" سۆزى "پەتنگان" دەپ قوللىنىلىدۇ.

دىيالېكتلار ئارا گىراماتىكىلىق پەرق ناھايىتى ئاز بولىدۇ. مەسىلەن، لوپنور دىيالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش شەكلى ئوخشاش بولسا، باشقا دىيالېكتلاردا ئوخشاش ئەمەس. لوپنور دىيالېكتىدا پېئىللارنىڭ 3-شەخس بىرلىك ۋە كوپلۈك

جەھەتتە پەرقلىق بولسا، باشقا دىيالېكتلاردا پەرقسىز بولىدۇ. لوپنور دىيالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشىنىڭ شەكلى بىرنەچچە خىل بولسا، باشقا دىيالېكتلاردا پەقەت "نىڭ" بىلەن "نى" دىنلا ئىبارەت.

فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكا جەھەتتىكى قىسمەن ئوخشاشماسلىق بىر دىيالېكت رايونىدىكى ھەرقايسى شىۋىلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكتىدىكى غۇلجا شىۋىسى، تۇرپان شىۋىسى ۋە ئاقسۇ، كۇچار شىۋىلىرىدە قىسمەن پەرق بولغانغا ئوخشاش.

مەلۇم تىلنىڭ دىيالېكتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇشى، پەقەت قىسمەن تاۋۇشلىرى ياكى سۆز-ئىبارىلىرىدىلا ئىختىلاپ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق دىيالېكتلاردا شۇ پەرقى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇنداق دىيالېكتلاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشىدا ھېچقانداق مەسىلە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە شىۋىلىرى ئەنە شۇنداق. ئەمدى بەزى تىللارنىڭ دىيالېكتلىرىدا ئىختىلاپ خېلى زور بولۇشى ھەتتا شىۋىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپمۇ خېلى زور بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل دىيالېكت ۋە شىۋىلەردە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشىمۇ خېلى قىيىن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرىدا پەرق خېلى زور بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى خېلى قىيىن.

دىيالېكتلار ئارا پەرق ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يەنىلا ئورتاقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئىختىلاپلىق فونېتىك ھادىسىلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدا قانۇنلۇق ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ، ھەرقايسى دىيالېكتلارنىڭ مۇتلەق كوپ سوزى ئوخشاش بولىدۇ، گىرامماتىكىسى بولسا، زور دەرىجىدە ئوخشاش بولىدۇ.

دىيالېكت شەكىللەنگەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ قانلىق بولۇشى ئىجتىمائى شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ئەگەر جەمىيەت ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلمەي، بولۇنۇش ھالىتىنى ساقلاپ قېلىۋەرسە، دىيالېكتلار ئوزىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ. شۇ تىلنىڭ بىر دىيالېكتى بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. خۇددى نەچچە مىڭ يىللىق فېوداللىق جەمىيەتتىكى خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرىغا ئوخشاش. ئەگەر جەمىيەت پۈتۈنلەي بولۇنۇپ، ئوز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل جەمىيەت بولۇپ شەكىللەنسە، ھەرقايسى دىيالېكتلار ئوزىنىڭ ئالاھىدىلىگىنىڭ تېخىمۇ زورايىپ مۇستەقىل بىر تىل بولۇپ شەكىللىنىشكە قاراپ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن فرانسۇز، ئىتالىيان، رۇمىنىيە تىللىرىنىڭ لاتىن تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ شەكىللەنگىنىگە ئوخشاش، ئەگەر جەمىيەت ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلسە، ھەرقايسى دىيالېكتلار تەدرىجى بىرلىشىشى مۇمكىن. دېمەك، دىيالېكتلار ئارا پەرقىنىڭ داۋاملىق زورىيىشى ياكى تەدرىجى كىچىكلەپ بېرىشى جەمىيەتنىڭ داۋاملىق بولۇنۇپ كېتىۋېرىشىگە ياكى تەدرىجى بىرلىككە كېلىشىگە باغلىق.

ئورتاق تىل دىگىنىمىز مەلۇم جەمىيەت ئەزالىرى ئورتاق قوللىنىدىغان تىلدۇر. باشلانغۇچ جەمىيەتتە ھەر بىر ئىجتىمائى كوللېكتىپنىڭ نوپۇسى كوپ بولمىغانلىغى، تېرىتورىيىسى كىچىك بولغانلىغى ئۇچۈن، دىيالېكت بولمىغان، شۇڭا ئۇ ۋاقىتتىكى ھەرقانداق تىل ئورتاق

تىل بولغان، كېيىنكى دەۋرلەردە بىر جەمىيەتتە بىرقانچە خىل دىيالېكت بولغان، ئورتاق تىل بولسا، ئومۇمەن مەلۇم دىيالېكت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئورتاق تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدىغان دىيالېكت — يېتەكچى دىيالېكت دېيىلىدۇ. مەلۇم تىلنىڭ دىيالېكتلىرى ئىچىدە قايسى دىيالېكتنىڭ يېتەكچى دىيالېكت بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى شۇ دىيالېكتنىڭ جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مەلۇم دىيالېكت رايونى (ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمى) پۈتۈن جەمىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزى بولسا (ئادەم سانىمۇ كوپ بولسا)، بۇ خىل دىيالېكت شۇ جەمىيەتتە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەسىرلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتەكچى دىيالېكت بولالايدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئورتاق تىلى شىمالىي دىيالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن. چۈنكى شىمالىي دىيالېكت رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بېيجىڭ شەھىرى نەچچە سۇلالىدىن بۇيان سىياسىي مەركەز بولغان. مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىسى شىمالىي دىيالېكتتا ياكى شۇ دىيالېكت ئاساسىدا يېزىلغان، شىمالىي دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ يېرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار يېرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ سەۋەپتىن شىمالىي دىيالېكت خەنزۇ تىلىنىڭ يېتەكچى دىيالېكتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئورتاق تىل لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن يېتەكچى دىيالېكتنى مەنبە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يولىنىدۇ. تەلەپپۇز جەھەتتە بولسا،

يېتەكچى دىيالېكت ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە مەلۇم جاينىڭ (ياكى شەھەرنىڭ) تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى شىمالىي دىيالېكت رايونىدىكى بېيجىڭ تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلسا، ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىيالېكت رايونى ئىچىدىكى ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئورتاق تىل يېتەكچى دىيالېكتنى ئاساس قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە باشقا دىيالېكتتىن ۋە شۇ مىللەت بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەتتە بولغان باشقا مىللەت تىلىدىن تىل ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئورتاق تىل ھەرقانداق دىيالېكت (ئۇ يېتەكچى دىيالېكت بولغان تەقدىردىمۇ)قا قارىغاندا ناھايىتى باي بولىدۇ، ئورتاق تىل، دىيالېكتلارغا نىسبەتەن يۇقۇرى دەرىجىلىك شەكىل ۋە مەركەز بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ھەرقايسى دىيالېكتلارغا فونېتىكا، لېكسىكا، گىراممatika جەھەتلەردە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ، تەرەققىيات جەريانىدا دىيالېكتلارنىڭ بىر بىرىدىن يىراقلىشىپ كەتمەي بەلكى بىر بىرىگە يېقىنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن ئورتاق تىل مەلۇم جەمىيەت ياكى مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق قوللىنىدىغان تىلدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان مەلۇم ئورتاق تىل بولىدۇ. بۇنداق تىل دۆلەت تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودا خەنزۇ تىلىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇس تىلىنىڭ دۆلەت تىلى بولغانلىقىغا ئوخشاش. ئەمدى مەلۇم دۆلەتتە بىرقانچە تىل دۆلەت تىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، كانادادا ئىنگلىز تىلى بىلەن فرانسۇز تىلىنىڭ، شۋېتسارىيىدە نېمىس تىلىنىڭ، فرانسۇز تىلىنىڭ

ۋە ئىتالىيان تىلىنىڭ دولەت تىلى قىلىنغانلىقىغا ئوخشاش. لېكىن شۇنداق دولەتلەردە يەنىلا بىر تىل ئاساس قىلىنىدۇ (كانادادا ئىنگلىز تىلى، شۋېتسارىيىدە نېمىس تىلى ئاساس قىلىنغانلىقىغا ئوخشاش). ئوخشاش بولمىغان دولەتلەرنىڭ دولەت تىلى ئوخشاش بولۇشىمۇ مۇمكىن (ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىنى، گېرمانىيە، ئاۋسترىيە، شۋېتسارىيەلەرنىڭ نېمىس تىلىنى دولەت تىلى قىلغانلىقىغا ئوخشاش).

دۇنيادا تىل ناھايىتى كۆپ. لېكىن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆزئارا ئالاقىلاشقاندا ياكى خەلقارا تەشكىلاتلار ئىش ئېلىپ بارغاندا بىر ياكى بىرنەچچە تىلنى ئاساس قىلىدۇ. ھازىر خەلقارادا كۆپرەك قوللىنىدىغان تىللار ئىنگلىز، فرانسۇز، خەنزۇ، رۇس، ئىسپان تىللىرىدىن ئىبارەت.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، ئورتاق تىل، يېزىق تىلى ۋە ئەدەبىي تىل دېگەن ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ خىل ئاتالغۇ ئىپادىلەيدىغان تىل شەكىللىرى بىر بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئورتاق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى يېزىق تىلىغا كەلسەك، ئۇ مەلۇم يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن تىلدۇر، يەنى مەلۇم جانلىق تىلنىڭ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىشىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق يېزىق ئۆزى خاتىرىلەنگەن تىلغا بېقىنىشى ۋە شۇ تىلنى ئىمكان قەدەر تولۇق توغرا خاتىرىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي تىل دېگىنىمىز ئىشلەنگەن ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان يېزىق تىلىدۇر. شۇڭا ئۇ يېزىق تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە، شۇنىڭدەك ئۇ مەلۇم جانلىق تىلنى ئاساس قىلىدۇ ۋە شۇ جانلىق تىلنى ئۆزىنىڭ بېيىش ۋە

تەرەققى قىلىش مەنبەسى قىلىدۇ. شۇنداقلا جانلىق تىلغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 4 - بۆلۈم تىللارنىڭ بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى

تىللار بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئىنسانلار بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرىدۇ. ھەرقايسى جەمىيەتلەر-دىكى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ياكى مەلۇم جەمىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇقلاشسا، ئۇلارنىڭ تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ قويۇقلىشىدۇ. دۇنيادا باشقا تىلنىڭ تەسىرىگە يولۇقمىغان، يەككە-يىگانە تەرەققى قىلغان بىرەر تىلنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى ھەرقايسى تىللارنىڭ بىر بىرىگە يېقىنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تىللارنىڭ بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە يېقىنلىشىشى جەريا-نىدا تىللارنىڭ ئۆزئارا چېتىشىشى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. چېتىشىشقا قاتناشقۇچى تىللار چېتىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېتىشىش جەريانى (ئۆزئارا سۆز قوبۇل قىلىش، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسە-تىش جەريانى) ناھايىتى ئۇزاق بولىدۇ. بۇ جەرياندا تىل ئۆزىنى تەدرىجى بېيىتىپ بارىدۇ. چېتىششقا قاتناشقۇچى تىللار بىر بىرىدىن سۆز ۋە بەزى گىراماتىكىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى بېيىتىسمۇ، لېكىن

بۇنىڭ بىلەن ئۇ تىللاردا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش ھاسىل بولمايدۇ، يەنى تىل سۇپەت جەھەتتىن بىراقلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدۇ. شۇڭا چېتىشىشقا قاتناشقۇچى تىلدىن سۇپەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئۈچىنچى بىر خىل تىل بارلىققا كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە يولداش ستالىن: "ئىككى تىلنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە يېڭى، شۇ ئىككى تىلنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدىغان، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىسىدىن سۇپەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان ئۈچىنچى تىل پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلاش زادىلا توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، قوشۇلغاندا بۇ تىللارنىڭ بىرى غالىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىنى ساقلاپ قالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بويىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ، يەنە بىرى بولسا تەدرىجى ھالدا ئۆزىنىڭ تۈپ سۈپىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، پەيدىن-پەي يوقىلىپ بارىدۇ" («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 40-بەت) دەيدۇ.

تىللارنىڭ ئۆزئارا چېتىشىشى مەجبۇرى يول بىلەن بولۇشىمۇ، ئەركىن، ئىختىيارىي يول بىلەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. قايسى يول بىلەن بولۇشى تارىخىي شارائىتقا باغلىق. چېتىشىشقا قاتناشقۇچى تىللار كۆپ ھالدا ئوخشاش قۇدرەتكە ئىگە بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چېتىشىش نەتىجىسىدە بىرى غەلىبە قىلىدۇ، يەنە بىرى مەغلۇپ بولىدۇ. غەلىبە قازانغان تىل ئۆزىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بويىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ. مەغلۇپ بولغان تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر غەلىبە قازانغان تىلنى

ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بارا-بارا ئىككى تىللىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇ جەريانىدا، مەغلۇپ بولغان تىلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارىيىپ بارىدۇ، ئاخىر بېرىپ داۋاملىق ياشاشتىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، مەغلۇپ بولغۇچى تىل-تېگى-تەكتى بىلەن پاك-پاكىز يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى بىرمۇنچە سۆز-ئىبارىلەرنى غەلىبە قازانغۇچى تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە سىڭدۈرۈپ كېتىدۇ.

تىللارنىڭ چېتىشىش جەريانىدا غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى تۈرلۈك تارىخىي شارائىتلارغا باغلىق. ئۇرۇش جەريانىدا غەلىبە قىلغان ئۇرۇق، قەبىلە، خەلق ياكى مىللەتنىڭ تىلىنىڭ چېتىشىش جەريانىدا غالىپ بولۇپ چىققانلىقى ھەققىدە خېلى كۆپ تارىخىي پاكىتلار بار. لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس. چۈنكى چېتىشقۇچى تىللاردىن بىرى سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىن ھەممە خەلق نوپۇسى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولسا، چېتىشىش جەريانىدا شۇ تىل غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، مانجۇلار غەلىبە قىلىپ جۇڭگوغا ھوكۇمرانلىق قىلغانىدا خەنزۇ تىلى بىلەن مانجۇ تىلى چېتىشىش جەريانىدا خەنزۇ تىلى مانجۇ تىلىنى ئاسسىمى-لاتسىيە قىلىپ كەتكەن. چۈنكى مانجۇلار خەنزۇلارغا قارىغاندا خەلق نوپۇسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئەرەپلەر ئىسلام دىنى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلق-لەرنى ئەرەپ تىلىدا سۆزلەشكە خېلى مەجبۇر قىلغان، لېكىن بۇ خەلقلەر ئەينى ۋاقىتتا ھەر جەھەتتە ئەرەپلەردىن تۆۋەن بولمىغان-لىقى ھەممە ئۆز تىلىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قەتئىي كۆرەش

قىلغانلىغى ئۈچۈن، ئەرەپ تىلى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىگەن. ئەمما چېتىشىش جەريانىدا ئەرەپ تىلىدىن بىرمۇنچە سوزلەر بۇ تىللارغا سىڭىپ كەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، تىللارنىڭ چېتىشىشى جەريانىدا مەلۇم تىل غەلىبە قىلغۇچى تىل، يەنە بىرى مەغلۇپ بولغۇچى تىل بولمايدىغان، ئىككىلا تىل ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەھۋال بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، شۋېتسارىيىدە فرانسۇز تىلى، نېمىس تىلى، ئىتالىيان تىلى ۋە لوھەنزى تىلىدىن ئىبارەت 4 تىل "دولەت تىلى" ھىساپلىنىدىكەن. بۇ دولەتتىكى بارلىق ئاخبارات، ئېلان، ئەمىر-پەرمان، ھەتتا پويىزدىكى چۈشەندۈرۈشلەرمۇ 4 تىلدا تارقىتىلىدىكەن. لېكىن بۇ 4 تىلنىڭ تەسىر كۈچىدە خېلى ئۆزگىرىشلەرمۇ بولغان. ئالايلۇق، تىللارنىڭ چېتىشىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى نېمىس تىلىدا سوزلىشىدىغان يېزا-قىشلاقلار ئۆزۈن ۋاقىتلاردىن كېيىن فرانسۇز تىلىدا سوزلىشىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى تىل مەلۇم دەرىجىدە بىر بىرىگە تەسىرمۇ كورسەتكەن. لېكىن بۇ ئىككى تىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى يوقىتىپ قويمىغان، ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققى قىلىۋەرگەن.

ئومۇمەن، سوتسىيالىزم دۇنيا مىقياسىدا غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرىكى تىللارنىڭ چېتىشىشى مەجبۇر قىلىش يولى بىلەن، يەنى تىللارنىڭ بىر بىرى بىلەن كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق بولىدۇ، چېتىشقۇچى تىللارنىڭ قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئىجتىمائى، تارىخىي شارائىتلارغا ۋە شۇ تىلدا سوزلەشكۈچى

خەلقىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىغا باغلىق.

سوتسىيالىزىم پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىجتى-
مائى شارائىت پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدىغان بولغاچقا، تىللارنىڭ چېتىشى-
شمۇ تامامەن باشقا بىر يول بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى بۇ چاغدا
تىللارنىڭ چېتىششى ئەركىن، ئىختىيارىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
يولداش ستالىن ئېيتقاندەك، "ئۇ چاغدا دۇنيادا جاھانگىرلىك
مەۋجۇت بولمىغان بولىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئاغدۇ-
رۇپ تاشلانغان بولىدۇ، مىللى زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىلەر ئۈستىدىكى
زۇلۇم يوقىتىلغان بولىدۇ، مىللى يەككە-يىگانىلىقنىڭ ۋە مىللەتلەر-
نىڭ بىر بىرىگە ئىشەنمەسلىگىنىڭ ئورنىنى مىللەتلەرنىڭ بىر بىرىگە
ئىشىنىشى ۋە يېقىنلىششى ئالغان بولىدۇ، مىللى باراۋەرلىك ئەمەلگە
ئاشۇرۇلغان بولىدۇ، تىللارنى بېسىش ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش
سىياستى يوقىتىلغان بولىدۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق
بەرپا قىلىنغان بولىدۇ. ھەرقايسى مىللى تىللار بولسا ھەمكارلىشىش
يولى بىلەن ئەركىن ھالدا بىر بىرىنى بېيىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولغان بولىدۇ." شۇڭا "ئۇنداق شارائىتتا بەزى تىللارنىڭ بېسىلىپ
كېتىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، يەنە بەزى تىللارنىڭ غەلىبە قىلىشى
ئۈستىدە سۆز ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ يەردە بىرى
مەغلۇپ بولغان، يەنە بىرى كۈرەشتە غەلىبە قىلغان ئىككى خىل
تىلنى ئەمەس، بەلكى نەچچە يۈز خىل مىللى تىلنى ئۇچرىتىمىز،
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق زامان داۋام قىلغان ئىقتىسادىي،
سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىغى نەتىجىسىدە بۇ تىللار
ئىچىدىن ھەممىدىن ئاۋال بېكىرەك بېيىغان، بىرلىككە كەلگەن رايون
خاراكتېرلىق تىللار ئاجرىلىپ چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن رايون خاراك-

تىرلىق تىللار يەنە يۇغۇرۇلۇپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇچۇن ئورتاق بولغان تىلغا ئايلىنىدۇ، بۇنداق تىل نىمىس تىلىمۇ ئەمەس، رۇس تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللى تىللار ۋە رايون دائىرىلىك تىللارنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغان يېڭى تىلدىن ئىبارەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە" («ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1974 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 74 ـ 75 ـ بەت).

تىل تەركىپلىرىنىڭ ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىشى تىللارنىڭ بىر ىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىكى ئومۇمى ھادىسىلەرنىڭ بىرىدۇر. دەتتىكى ئەھۋالدا ھەرقانداق تىلدا باشقا تىلدىن كىرگەن مۇئەييەن ل تەركىپلىرى بولىدۇ، يەنى چەت تىللاردىن كىرگەن سوز، فونېما، سوز ياسىغۇچى قوشۇمچە، سوز بىرىكمىلىرى شۇنىڭدەك جۈملە قاتارلىقلار بولىدۇ. چەت تىلنىڭ بۇ خىل نەرسىلىرى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن شۇ تىلنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ، ئۇ تىلنى بېيىتىشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تۈركى تىللارغا ئەرەپ ـ پارىس تىلىدىن، خەنزۇ تىلىدىن ۋە باشقا خەلقارا تىللاردىن نۇرغۇن سوزلەر كىرىپ ئۆزلەشكەن؛ ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ ـ پارىس تىلىدىن بىر قىسىم سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار (بىەدەپ، بەتقىلىق، نائىنساپ دېگەن سوزلەردىكى بى، بەت، نا قاتارلىق) ۋە بەزى فونېمىلار كىرىپ ئۆزلەشكەن، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىدىكى ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش سوز بىرىكمىلىرىگە ۋە جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئائىت بەزى ھادىسىلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشتى ۋە ئۆزلەشمەكتە.

دېمەك، تىل تەرەققىياتىدا تىللار بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ،

بۇنداق تەسىر ھەر تەرەپلىمە ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ.

## 5 - بۆلۈم   تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى

جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر تىل بىرنەچچە تىلغا بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئورتاق مەنبەلىك تىللار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق تىللار قېرىنداش تىللار دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تۈركىي تىللار كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئورتاق مەنبەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تىللار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت، شۇڭا بۇ تىللار قېرىنداش تىللار دېيىلىدۇ.

قېرىنداش تىللاردىكى ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە تىل تاۋۇشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ (ئۇيغۇر، قازاق قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىقى بۇنىڭ ئېنىق ئىسپاتى). ئەگەر بۇ جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىق بولمىسا، قېرىنداش تىللار بىلەن قېرىنداش بولمىغان تىللارنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قېرىنداش بولمىغان تىللارنىڭ لۇغەت تەركىبىدە ئۆزئارا قوبۇل قىلىنغان بەزى ئوخشاش سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن (ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان جوزا، سەي، گاڭبى، لۇشيەن قاتارلىق سۆزلەرنىڭ، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ماشىنا، تىراكتور، ئۇستەل قاتارلىق سۆزلەرنىڭ، ئەرەپ-پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بولغانلىقىغا ئوخشاش). بۇنىڭغا قاراپ ئۇيغۇر تىلىنى خەنزۇ، رۇس، ئەرەپ-پارس تىللىرى بىلەن قېرىنداش تىل دېگىلى

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ، بىرىنچىدىن، بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىككىنچىدىن، تىللارنىڭ قېرىنداشلىقى سۆزلەردىلا ئىپادىلەنمەيدۇ، ئۈچىنچىدىن، بۇنداق سۆزلەر تىللارنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئاساس بولالمايدۇ.

تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا شۇ تىللار-نىڭ مەلۇم مەنبەدىن (بىر دىيالېكت ياكى بىر تىلدىن) ئايرىم-ئايرىم تىل بولۇپ چىقىش تارىخىنى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك قېرىنداش تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققى-ياتى جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشمۇ قېرىنداش تىللارنى تەتقىق قىلىشتا خېلى مۇھىم ئەھمى-يەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، ئەزەربەيجان تىللىرىدا بىر قىسىم سۆزلەر ۋە گىراماتىكىلىق ئامىللار دەسلەپتە بىر خىل بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئوخشىماسلىقلار بارلىققا كەلگەن:

| ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبەك تىلىدا. |
|---|---|
| təmür | təmir |
| məktəp | məkdəb |
| zil-yil | yil |
| kəldi | keldi |
| yezix | yazix |
| taq | taq |

| قازاق تىلىدا | ئەزەربەيجان تىلىدا |
|---|---|
| têmir | dəmir |
| mêktêp | medeb |
| jel | yil |
| kêldi | geldi |

| | |
|---|---|
| yəzix | jazu |
| daƣ | taw |

قېرىنداش تىللاردىكى بەزى سۆزلەر ۋە گرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ تاۋۇشلىرىدا مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاۋۇشلار بىر بىرىدىن ئانچە يىراقلاشمىغان. چۈنكى بۇ ھادىسە مەلۇم فونېتىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا يۈز بەرگەن. بىر قېرىنداش تىلىدىكى مەلۇم تاۋۇشقا يەنە بىر قېرىنداش تىلىدىكى مەلۇم تاۋۇشنىڭ ماس كېلىشى بىرخىل فونېتىكىلىق قانۇنىيەتتۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى، بەزىبىر سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ƣ" غا قازاق تىلىدىكى "w" نىڭ ماس كېلىشى، بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن "q–y" غا "x، j" نىڭ ماس كېلىشى بىرخىل فونېتىكىلىق قانۇنىيەتتۇر، ئۇيغۇر تىلىدىكى "qay، yoķ، yər، yahxi، yaƣdi، baƣ، taƣ" سۆزلىرىنىڭ قازاق تىلىدا "qana، qaķir، xana، xaķer، xay، joķ، jēr، jaķse، jawde، baw، taw" دېيىلگىنىگە ئوخشاش.

تارىخىي جەھەتتە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى تىللار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋە قېرىنداش تىللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىردىن-بىر مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قېرىنداش تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىشكە، ھەرقايسى قېرىنداش تىللارنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئېنىقلاشقا، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەنبەسىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى (قەدىمقى مەنىلىرى ۋە شەكىللىرىنى) ئۆگىنىشكىمۇ ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا تىلشۇناسلار قايسى تىلنىڭ قېرىنداش تىل ئىكەنلىكىنى، قايسى تىلنىڭ قېرىنداش بولمىغان تىل

ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلاپ چىققان ۋە ئېنىقلاپ چىقماقتا.

تىللارنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ تۈرلەرگە بولۇش قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئايرىش (گېنېئالوگىك بولۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشتە تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، تىللار تىل سېستىمىسى، تىل ئائىلىسى، تىل گۇرۇپپىسى دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بولۇنىدۇ.

دۇنيادىكى تىلشۇناسلار تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا دۇنيادىكى تىللار-نى بەزىلىرىنىڭ سوز مەنىلىرى ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ەھەتتە بىر بىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى، بەزى تىللارنىڭ بۇ جەھەتتە بىر بىرىگە خېلى يېقىن ئىكەنلىكىنى، بەزى تىللارنىڭ بۇ جەھەتتە بىر بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە ئېنىقلاپ چىقماقتا. ئۇلار يەنە قېرىنداش تىللارنى شۇ تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر تىلدىن تارقالغانلىقىنى، سوز ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەت-تىكى ئوخشاشلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بولدى. شۇنىمۇ كور-سىتىش زورۇركى، دۇنيادىكى بارلىق تىللارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ۋە بولۇش تېخى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا تىللارنى بولۇشتە ئالىملارنىڭ پىكرى بىرخىل ئەمەس. شۇڭا بىر قىسىم تىللارنىڭ قايسى سېستىمىغا، قايسى ئائى-لىگە ۋە قايسى گۇرۇپپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق بولمايۋا-تىدۇ.

دۇنيادىكى تىللار «گوكيانوس»تا تۆۋەندىكىدەك بولۇنگەن:

1. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى
2. ئۇرال - ئالتاي تىللىرى
3. ھامى - سامى تىللىرى
4. كاپكاز تىللىرى
5. مالايشىيا - پولىنىزىيە تىللىرى
6. مېلانىزىيە تىللىرى
7. ياپون تىللىرى
8. ئاۋسترالىيە تىللىرى
9. ئوتتۇرا ئافرىقا تىللىرى
10. كوئان تىللىرى
11. دىراۋىت تىللىرى
12. موندا تىللىرى (ھىندىستاندا)
13. تايلاند تىللىرى
14. خەنزۇ تىلى
15. مون - كىخمېر تىللىرى
16. تىبەت - بىرما تىللىرى

سوۋېت تىلشۇناسلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى
2. سامى - ھامى تىللىرى
3. ئالتاي ياكى تۈرك - تاتار تىللىرى
4. ئوغۇر - فىن تىللىرى
5. ئىبېرىي - كاپكاز تىللىرى
6. خەنزۇ - تىبەت تىللىرى

7. داراۋىد تىللىرى

8. ھىندونېزىيە تىللىرى

جۇڭگو تىلشۇناسلىرى توۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. خەنزۇ-تىبەت تىللىرى

2. ھىندى-ياۋروپا تىللىرى

3. ئورال تىللىرى

4. ئالتاي تىللىرى

5. ھامى-سامى تىللىرى

6. ئىبىرىي-كاپكاز تىللىرى

7. مالاي-پولىنىزىيە تىللىرى

8. داراۋىد تىللىرى

9. جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى

تۈركى تىللارنى بولۇشتىمۇ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. دۇنيادا بىر قەدەر ئومۇملاشقان قاراش باسكا كوپ كلاسفىكاتسىيىسى بويىچە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا تۈركى تىللار توۋەندىكىدەك بولۇنگەن:

A تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىغى

1. بۇلغار گۇرۇپپىسى

a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. بۇلغار تىلى، 2. ھەزەر تىلى

b) ھازىرقىلاردىن: 3. چوۋاش تىلى.

2. ئوغۇز گۇرۇپپىسى

1) ئوغۇز-تۈركمەن بولۇمى

a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. ئوغۇز تىلى (X. XI ئەسىر مەھمۇت قەشقەرى).

b) ھازىرقىلاردىن: 2.تۈركمەن تىلى. 3. تورۇخمان تىلى

2) ئوغۇز-بۇلغار بولۇمى

a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. پەچەنەك تىلى، 2. ئۇز تىلى.

b) ھازىرقىلاردىن: 3. گاگاۋۇز تىلى.

3. قىپچاق گۇرۇپپىسى

1) قىپچاق-بۇلغار بولۇمى

a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. ئالتۇن ئوردا تىلى (غەربىي)

b) ھازىرقىلاردىن: 2. تاتار تىلى، 3. باشقىرت تىلى

2) قىپچاق ئوغۇز (ئوز-پولوۋىتىش) بولۇمى

a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. پولوۋىتىش تىلى (موڭغۇل دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى قىپچاق، قۇمان).

b) ھازىرقىلاردىن: 2. قارايىم تىلى، 3. قۇمۇق تىلى

3) قىپچاق-نوغاي بولۇمى

ھازىرقىلاردىن: 1. نوغاي تىلى، 2-قارا قالپاق تىلى

3. قازاق تىلى

4. قارلۇق گۇرۇپپىسى

1) قارلۇق-ئۇيغۇر بولۇمى

بۇرۇنقىلاردىن: 1. قاراخانىلار دولىتى تۈرك تىلى

2. قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىنكى تۈرك تىلى

2) قارلۇق-خارەزم بولۇمى

بۇرۇنقىلاردىن: 1) قارلىق-خارەزم تىلى

2) ئالتۇن ئوردا تىلى. 3) كونا ئۇزبەك تىلى

b) ھازىرقىلاردىن: 1. ئۇزبەك تىلى (قىپچاق شىۋىلىرى

بۇنىڭ سىرتىدا)، 2. ئۇيغۇر تىلى (ھەممە شۇئىلىرى بىلەن،
سالار، خوتۇن تىللىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)
B. تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىغى
I. ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى
1) ئۇيغۇر تۈركوت بولۇمى
a) بۇرۇنقىلاردىن: 1. ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىكى قەدىمقى ئوغۇز تىلى (توكيو)، 2. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى
b) ھازىرقىلاردىن: 3. تووۋا تىلى (ئورانخاي، سويوت)، 4. قارا-غاس تىلى (توفا)
2) ياقۇت بولۇمى
ھازىرقىلاردىن: ياقۇت تىلى (دالغان بىلەن بىللە)
3) خاكاس بولۇمى
ھازىرقىلاردىن: 1. خاكاس تىلى (ھەممە شۇئىلىرى بىلەن)
2. قاماس تىلى، 3. كوۋەرلىك تىلى
4. شور تىلى، 5. ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي شۇئىلىرى (توبا سالقاندۇ، قوماندى)
6. سىرىق ئۇيغۇر تىلى
2. قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسى ھازىرقىلاردىن: 1. قىرغىز تىلى، 2. ئالتاي تىلى (ئالتاي، تىلەۋۇت، تىلىنگىت شۇئىلىرى)

# يەتتىنچى باپ

# يېزىق

## 1 - بولۇم  يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى

يېزىق تاۋۇشلۇق تىلنى خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. شۇڭلاشقا تىلنىڭ ئالاقە ۋاستىسلىك رولىنى كېڭەيتىدىغان ئەڭ مۇھىم قوشۇمچە قورالدۇر. ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر، خەنزۇ يېزىقى خەنزۇ تىلىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. رۇس يېزىقىمۇ رۇس تىلىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ رۇس يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىنى ۋە قوشۇپ يېزىلىش قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرقانداق يېزىق ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق تىل ئامىللىرىنى (تىل تاۋۇشلىرىنى ۋە تىلنىڭ مەنىۋى ئامىللىرىنى) خاتىرىلەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە خاس يازما شەكىلگە، مەلۇم تاۋۇشنى ۋە مەنىنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن يېزىقلاردا بىر ھەرپ بىر تاۋۇشنى خاتىرىلەيدۇ. رۇس

يېزىغى، ئىنگلىز يېزىغى، ئۇيغۇر يېزىغى ۋە باشقا يېزىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق، شۇڭا بۇنداق يېزىقلاردىكى ھەر بىر ھەرپنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى، تاۋۇشى ۋە مەنىسى بولىدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "өy" دېگەن سۆزدىكى "ө" بىلەن "y" شۇ سۆزنىڭ يازما شەكلى بولسا، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى ئۇ ئىپادىلىگەن تاۋۇشتۇر. بۇ ئىككى ھەرپنىڭ ئىپادىلىگىنى ئۇنىڭ مەنىسىدۇر. دۇنيادا يەنە ئايرىم يېزىقلار باركى، ئۇ يېزىقلاردا ھەربىر ھەرپ مەلۇم بوغۇمنى ۋە سۆزنى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇ يېزىغى ئەنە شۇنداق يېزىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يېزىق تىل ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تىل بىرلەمچى، يېزىق ئىككىلەمچىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق بىر يېزىق ئۆزى خاتىرىلىگەن تىلنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگىگە ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ، تىل يېزىقتىن ئۆزىنى توغرا خاتىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن تىل بىلەن يېزىق بىر نەرسە ئەمەس. شۇڭا بىرتىل بىرنەچچە خىل يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىشى، بىرقانچە تىل بىرخىل يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىشى مۇمكىن.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى ۋە كۈرەش قىلىش قورالى، يېزىق تىلنى خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشىنىڭ، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ ۋە بىر بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ياردەمچى ۋاستىسى. چۈنكى يېزىق تېلېگىراما، تېلېفون، ئۇنالغۇ، مىكروفون قاتارلىق ياردەمچى ۋاستىلەرگە قارىغاندا تىلنىڭ ئالاقە ۋاستىلىك رولىنى كېڭەيتىشتە ناھايىتى مۇھىم ياردەمچى ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

يېزىق ئۆزى يېقىنغان تىلغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ئالدى بىلەن شۇ جەمىيەتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردىكى شەرت-شارائىتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، لېكىن مىللىي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىشتە يېزىق ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى يېزىق بولغاندىلا، مەلۇم شىۋە ئاساسىدا يېزىق تىلىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېزىق تىلنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە، بېيىشىغا، بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتى تىل تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى كۈچ ھېساپلىنىدۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەرخىل تىللار ئىچىدە يېزىقى بار تىللار يېزىقى يوق تىللارغا قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي تاپقان بولىدۇ. دېمەك، يېزىق تىل تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق رولى يېزىقنىڭ شۇ تىلنى ئىپادىلىشىگە قاراپ خىلمۇ-خىل بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كىشىلەر تىلدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشقاندا زامان، ماكان جەھەتتىن زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلنىڭ مۇشۇ كەمچىلىكىنى تولۇقلىدى، يەنى يېزىق كىشىلىك جەمىيەتنىڭ كېڭىيىشىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى تولۇقلىشىغا ۋە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا مىراس قالدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن مەدىنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا ئېنگېلس يېزىقنىڭ جەمىيەتتە ئوينىغان رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: "..... ئىنسانىيەت تۆمۈر رۇدى-

لىرىنى تاۋلاشتىن باشلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىق يارىتىپ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يادىكارلىقلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشتىن باشلاپ مەدىنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان" دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، گەرچە جەمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇغى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى يېزىققىلا باغلىق بولمىسىمۇ، لېكىن جەمىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن يېزىقنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم، يېزىق بولمايدىكەن جەمىيەتنىڭ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمغا قاراپ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئومۇمەن يېزىق مۇنداق ئۈچ مۇھىم رولغا ئىگە.

1) يېزىق ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىشىدا ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا شۇنىڭدەك بىر بىرىنى چۈشىنىشىدە ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

2) يېزىق جانلىق تىلغا يولەنگەن ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇش بىلەن، ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ ۋە مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

3) يېزىق تىلنىڭ تەرەققى قىلىپ بېيىشىنى ۋە ئومۇملىشىپ قېلىپلىشىشىنى ئالغا سۈرۈشتە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2 - بۆلۈم يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققى قىلىشى

يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىدە، مەلۇم يېزىقنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىغى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار يېزىقنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللانغان يېزىغى قانداق ئىدى، ئۇ قانداق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە

بۈگۈنكىدەك يېزىقلارغا ئايلانغان دىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلار جەمىيىتى خېلى تەرەققى قىلغان دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان مۇرەككەپ ئالاقە ئېھتىياجىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن يېزىق بارلىققا كەلگەن.

ئەڭ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققى تاپمىغان، تۇرمۇشى ناھايىتى ئاددى ئىدى، ھەر بىر ئىجتىمائى كوللېكتىپنىڭ ئادەم سانى ئاز بولغانلىقتىن ئۇ ۋاقىتلاردىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلەپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولمىغان، كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق ئەستە قالدۇرۇش ئەينى ۋاقىتتىكى تەلەپنى قاندۇرغان. جەمىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىشى، ئۇرۇق ۋە قەبىلە جامائەلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائى تۇرمۇش تەدرىجى مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغان. كىشىلەر (بولۇپمۇ ئۇرۇق ۋە قەبىلە باشلىقلىرى ياكى مۆتىۋەرلىرى) ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئادەم سانى، مال-مۈلكى، باشقا ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى، باشقا ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر بىلەن تۈزەشكەن كېلىشىملىرى، ئۆز ئىچىدە يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر ۋاھاكازالارنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشقا، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈشكە، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى يىراق جايلاردىكىلەرگە يەتكۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان، شۇنىڭدەك ئېغىز ئارقىلىق سۆزلەش ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى، مەلۇم ئۇسۇل بىلەن خاتىرىلەپ ئېغىز تىلىنىڭ ئالاقە ۋاستىسىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياردەمچى قورالغا ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھىس قىلىشقان. نەتىجىدە

قەدىمقى كىشىلەر (ياكى ھازىرقى زاماندىكى ئارقىدا قالغان كىشىلەر) ئۇزۇن مۇددەت سىناق قىلىپ ئاخىر ئىشنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشنىڭ ئىككى ئۇسۇلىنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ نەرسە ئارقىلىق ۋە رەسىم ئارقىلىق خاتىرىلەش ئۇسۇلى. لېكىن بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسى يېزىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇلار ئالاقە قىلىشتا قوشۇمچە ۋاستىلىك، ياردەمچىلىك رول ئويىنىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تىلنى خاتىرىلىگىلى بولمايتتى، ئۇ مەلۇم سوز ۋە جۈملىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە جەمىيەت بىر قەدەر تەرەققى قىلغانلىغى، سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنى تۇرمۇش تېخىمۇ يۇكسەلگەنلىگى، ئىجتىمائى ئالاقە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەنلىگى ئۈچۈن، نەرسە ۋە رەسىم ئارقىلىق خاتىرىلەش كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، ئىنسانلار تىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئوبېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە تەپەككۇرنى توغرا ۋە ئېنىق خاتىرىلەشتە ۋاستە بولالايدىغان ھەقىقى يېزىقنىڭ زورۇرلۇگىنى ھىس قىلىشقان.

لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش زورۇركى، كىشىلەر رەسىم ئارقىلىق خاتىرىلەشنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىچىدە ئۇزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ئارقىلىق، بۇ ئۇسۇلنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئاددىيلاشتۇرۇپ، رەتلەپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنى تىلنىڭ كونكرېت ئاملىلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئوقۇغىلى بولىدىغان ھەقىقى يېزىققا ئايلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن يېزىق كېلىپ چىققان.

ئومۇمەن، ئەڭ دەسلەپكى يېزىق قۇللۇق جەمىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، يەنى دولەت بارلىققا كەلگەندە بارلىققا كەلگەن، لېكىن

هەرقانداق مىللەتنىڭ يېزىغى مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن دىگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى بەزى مىللەتلەرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىمۇ يېزىغى بولمىغان. يېزىق مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى تىلىغا ئوخشاش، مەلۇم ئىجتىمائىي كوللىكتىپ تەرىپىدىن تەدرىجى يارىتىلغان.

يېزىق نۇرغۇن مىللەت قوللىنىدىغان بۈگۈنكىدەك تاۋۇشلۇق يېزىققا ئايلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن، مۇرەككەپ جەرياننى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئىنسانلار قەدىمدە تاغ قىيالىرىغا، غارلارغا تۈرلۈك رەسىملەرنى سىزىش ئارقىلىق تۈرلۈك ۋەقەلەرنى ئىپادىلەپ خاتىرە قالدۇرغان. مەلۇم ۋەقەنى ياكى ئومۇمىي چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق رەسىملەر سىز ياكى جۈملىگە ۋەكىللىك قىلالمىغان. كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا رەسىم ئارقىلىق خاتىرىلىگەن خەلقلەر تەدرىجى ھالدا رەسىملىك يېزىققا (ئىروگلىپىك يېزىققا) ئۆتۈشكە باشلىغان، يەنى مەلۇم نەرسىنىڭ شەكلىنى سىزىپ، شۇ ئارقىلىق نەرسىنىڭ چۈشەنچىسىنى (سۆزنى) ئىپادىلەيدىغان رەسىملىك يېزىقنى قوللىنىشقا باشلىغان. ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، تېز سىزىش ۋە تۈرلۈك قۇراللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئايرىم-ئايرىم سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان يازما رەسىملەر ئۆزلىرى ئىپادىلەيدىغان نەرسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان خۇسۇسىيىتىنى بارا-بارا يوقىتىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىقتىكى ھەرپلەرنى تېز يېزىشقا خېلى ئوڭايلىق تۇغۇلغان. خەنزۇ يېزىغىدىكى "ئات، ئاي، كۈن، تاغ" قاتارلىق سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى بۇنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

رەسىملىك يېزىق ئەڭ ئاۋال قەدىمقى جۇڭگودا ۋە مىسىردا پەيدا بولغان. رەسىملىك يېزىقتىكى بەلگىلەر دەسلەپ پۈتۈن بىر جۈشەنچىنى، پۈتۈن مەقسەتنى بىلدۈرگەن بولسا، كېيىن تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە، ئايرىم سوزلەرنى، ئايرىم بوغۇملارنى، ھەتتا ئايرىم تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش دەرىجىسىگە يەتكەن.

يېزىق تەرەققىياتىدا بوغۇملۇق يېزىق خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، بوغۇملۇق يېزىقتا بوغۇمنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر ۋە سوزنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بولىدۇ. ئاسۇرىيە، ۋاۋىلون مىخ يېزىغى شۇنىڭدەك قەدىمقى ھىندى يېزىغى ("دىۋاناگارى") قاتارلىق يېزىقلار بوغۇملۇق يېزىقنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئاسۇرىيە-ۋاۋىلون مىخ يېزىغىدا دەسلەپ بەزى بەلگىلەر بوغۇمنى، بەزى بەلگىلەر بىر سوزنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، 
بەلگىسى "ئا" تاۋۇشنى،  بەلگىسى "شۇر" بوغۇمنى، 
بەلگىسى "خۇدا" دېگەن سوزنى ئىپادىلىگەن. بۇلار يىغىلىپ 
شەكىلدە يېزىلسا "خۇدا ئاشۇر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. 

قەدىمقى ھىندى يېزىغىدىكى  بەلگىسى "قار" بوغۇمىنى، 
بەلگىسى "نا" بوغۇمىنى، ئىككىسى يىغىلىپ  شەكىلدە كەلسە، "قارما" (قىلماق) دېگەن سوزنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇمەن، بوغۇملۇق يېزىق رەسىملىك يېزىققا قارىغاندا خېلى قولايلىق بولغان ۋە تاۋۇشلۇق يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

تاۋۇشلۇق (ئېلىپبەلىك) يېزىق دەسلەپ ئەرەبىستاندىن نىل دەرياسى ۋادىسىغا بېسىپ كىرگەن گىكسىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان،

ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ ئاتاقلىق ئىسىملارنى يېزىشتىكى تەجرىبە- ساۋاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىسىرنىڭ رەسىملىك يېزىغىدىن 20 بەل- گىنى ئېلىپ ئۆز تىلىنىڭ ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلە- گەن، "ئېلىپبە" دېگەن سۆزنى ئەسلىدە گىرېكلار قوللانغان، "ئەلىف" سۆزىدىكى "ئە" تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە دەسلەپ ئۆكۈزنىڭ بېشىغا ئوخشاش بولغان. شۇڭا بۇ سۆز "ئۆكۈز" دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

ئېرامىزدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرى گىرېكلار ئېلىپبەسىگە فىنىكى- يىلىكلەر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشتە پايدىلان- غان. فىنىكىيىلىكلەرنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرى خېلى تەرەققى تاپقاچقا، ئۇلارنىڭ يېزىقى باشقا خەلقلەر ئارىسىغا تېز تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىپادى- لەيدىغان ئېلىپبەلىك يېزىقلىرى ئەنە شۇ فىنىكىيىلىكلەرنىڭ يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. فىنىكىيىلىكلەرنىڭ ئېلىپبەسى ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر بولۇپ، ئۈچ چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ تارقالغان. بىرىنچىسى ئەرەمەي-سۈرىيە تارمىقى بولۇپ، شەرققە قاراپ تارقالغان، ئىككىنچىسى جەنۇبىي ئەرەبىستان تارمىقى بولۇپ بۇ جەنۇپقا قاراپ تارقالغان، ئۈچىنچىسى يۇنان- ياۋروپا تارمىقى بولۇپ غەرپكە قاراپ تارقالغان.

ئەرەمەي-سۈرىيە يېزىقى ئېرامىزنىڭ باشلىرىدا ئەرەپ يېزىقىنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولغان. ئەرەمەي يېزىقى ئاساسىدا ئېرامىزنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقى ("قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى) نى ياراتقان. 12-ۋە 13-ئەسىرلەردە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقلىرى بارلىققا كەلگەن.

جەنۇبىي ئەرەبىستان يېزىقى ئېفىوپىيە (ھەبەشىستان) يېزىقى، ھىندى يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولغان.

يۇنان-ياۋروپا يېزىقى يۇنان، لاتىن، سلاۋىيان يېزىقلىرى قاتارلىق يېزىقلارنىڭ يارىتىلىشىغا ئاساس بولغان.

دېمەك، دۇنيادىكى يېزىقلار رەسىمدىن رەسىملىك يېزىققا، رەسىملىك يېزىقتىن بوغۇملۇق يېزىققا، بوغۇملۇق يېزىقتىن تاۋۇشلۇق يېزىققا تەرەققى قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەن.

تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر

تۈزگۈچى: نەسرۇللا يۇلبولدى

مەسئۇل مۇھەررىرى: زايىت رەھىم

مەسئۇل كوررېكتور: نۇرىبىيە ئەزىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 ــ يىل 2 ــ ئايدا 1 ــ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ــ يىل 2 ــ ئايدا بېيجىڭدا 1 ــ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.36 يۈەن

封面设计：孟满

书号 M 9049（4）5
定价 0.36元